سايقاماق هاراق قۇيماق

سايماق [«ئال»] ھىسابلىماق، سانىماق

سايۇ [«ماي»] ھەربىر، ھەرقايسى

سەب [«ئر»] ياخشى كۆرمەك

سەبىن خۇشال بولماق، شادلانماق

سەبىنمەك «سەۋىنمەك»كە قاراڭ

سەپ I [«ت ت د»] كېلىن بولغۇچى قىز ئۇچۇن تەييارلانغان ئۆي جاھازلىرى

سەپ II [«ئىك»] تەييار بولماق

سەپەد [«ئەت»] سېۋەت

سەپەن [«تۇر»] چۈشەنمىگەن، بىلمىگەن
سەپمەك ھازىرلىماق، تەييارلىماق
سەترەكسىز «سەدرەكسىز» گە قاراڭ
سەچ I چاچ، «ساچ I» گە قاراڭ
سەچ II [«ش ت»] تاللاش
سەچە [<ئوغ. «ت ت د»] قۇشقاچ
سەچمەك تاللىماق
سەچىلمەك [«تۇر»] تاللانماق
سەدرەك [«تۇر»] شالاڭ، ئازادە، ئىنچىكە
سەدرەكسىز [«تۇر»] شالاڭ بولغان
سەر [«ماي»] چىدىماق، سەۋر قىلماق، [«ئەت»، «چاس»] چىداش، سەۋر قىلىش
سەرك [«ت ت د»] ساپال قاچا ۋە ئۇنىڭ سۇنۇقلىرى
سەركە «سىركە» گە قاراڭ
سەركەر [<قار. «ت ت د»] قاراقچى، يول توسار
سەركۈرمەك I [«تۇر»] قارشىلىق قىلماق، توسماق
سەركۈرمەك II سەۋر قىلماق؛ تايانماق
سەرگۈرمەك [«تۇر»] «سەركۈرمەك» كە قاراڭ
سەرمەك I [«ت ت د»] چىدىماق، [«تۇر»] غەيرەت قىلماق، سەۋر قىلماق، تايانماق: ئول سەردى — ئۇ (بىر ئىشقا) چىداشلىق بەردى
سەرمەك II [«تۇر»] توختىماق
سەرۋ [«ت ت د»] تەكچە، تاختىپېشى
سەرۋ ئۇماتىن△[«ماي»] چىدىماستىن، چىدالماستىن

سەرىدمەك [«تۇر»] ئېرىسمەك، ئېرىتمەك

سەرىڭ [«ماي»] كەچۈرۈك

سەرىل I [«ماي»] چىدىماق، سەۋر قىلماق

سەرىل II تۇختىماق

سەرىلمەك I [«ت ت د»] سەنتۈرۈلمەك، دەلدەڭشىمەك

سەرىلمەك II [«ئال»] ئاچماق؛ ھاياجانلانماق

سەرىلمەك III [«ئال»] قېتىشماق، تۇختىماق

سەرىن [«ت ت د»] چىداش، چىدىماق، سەۋر قىلماق

سەرىنچ [«قۇج»] تەم، لەززەت؛ مەززىلىك

سەرىنمەك [«ئال»] ساقلىماق، سەۋر قىلماق، تاقەت
قىلماق

سەزا [«ئەت»] لايىق

سەسىنمەك [«ت ت د»] ئىنتىلمەك

سەش [«ئىك»] يەشمەك، بوشاتماق

سەشمەك [«ت ت د»] شەشمەك، يەشمەك

سەشۈگ [«ت ت د»] شېشىك // يېشىك: سەشۈگ ئات —
يېشىك (باغلاقتىن بوشىتىلغان) ئات

سەشىل [«ت ت د»] ئايرىماق

سەفمەك [«تۇر»] «سەۋمەك» كە قاراڭ

سەكەنتىر [«ق ب»] زۇھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزى

سەكسۈن [«ت ت د»] سەكسەن

سەكىتمەك [«ت ت د»] سەكرەتمەك، ئاتلاتماق

سەكىد [«ت ھ»] سىلىق

سەكىرت [«ت ت د»] سەكرەتمەك

سەكىز [«ت ت د»] سەككىز

سەكىز ئوتـۇز [«ماي»] يىگىرمە سەككىز

سەكىز ئون سەكسەن (سان)

سەكىزىنچ [«قۇج»] سەككىزىنچى

سەكىزيىگىرمى [«ماي»] ئون سەككىز

سەكىنس قارا [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سەگىرت [«ت ت د»] سەكرەتمەك

سەڭەك [<ئوغ. «ت ت د»] كوزا، ئەشتەك

سەڭرەگۈ [«ت ت د»] ماڭقا

سەڭىر [«ت ت د»] تـاغ تـۇمشـۇقى، تـاغ قاڭشرى،
[«تۇر»] ئالدى، تاغ باغرى

سەڭىگ [«تۇر»] ئائىت؛ قوشۇمچە

سەڭىل [«ت ت د»] سەپكۈن (يۈزدىكى سەپكۈن، داغ)

سەلەنە سەلەنگە دەرياسى

سەلى خاس ئىسىم

سەلىم [«ئەت»] دۇرۇس، توغرا

سەمەك [«ئال»] ئورمان، «سىمەك» كە قاراڭ

سەمەگلەمەك [«ئال»] ئۆلۈم مۇراسىمىنى ئورۇنلاشتۇرماق

سەمۈرگۈك [«ت ت د»] سۆمۈرگۈك (بۇلبۇلغا ئوخشىشىدىغان
بىر خىل قۇش)

سەمىچە [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سەمىز [«ت ت د»] سېمىز

سەمىش [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سەنا [«ئەت»] مەدھىيە

| | |
|---|---|
| سەنگۈن | سەركەردە، قوماندان |
| سەنلىك | سىنلىك |
| سەۋتۈرمەك | [«ت ت د»] سۆيدۈرمەك |
| سەۋدىچ | [«ت ت د»] سىۋەت |
| سەۋرە | [«ت ت د»] شالاك |
| سەۋمەك | [«ت ت د»] سۆيمەك، [«ئال»] ياخشى كۆرمەك |
| سەۋگۈ تاپلاغۇ | [«ماي»] ئىسىل، ياقتۇرىدىغان، خۇشاللىق، شادلىق |
| سەۋگۈسىز | [«ئال»] سۆيگۈسىز، ياخشى كۆرمەيدىغان |
| سەۋگۈلۈگ | سۆيۈملۈك، سۆيگۈ |
| سەۋۈك | [«ت ت د»] سۆيگەن، سۆيگىنى |
| سەۋۈگ | [«قوج»، «ت ت د»] سۆيگۈ؛ سۆيۈملۈك: سەۋۈگ نەڭ — سۆيۈملۈك نەرسە |
| سەۋۈگلۈگ | «سەۋىنگلىگ» گە قاراڭ |
| سەۋۈنمەك | [«ت ت د»] سۆيۈنمەك |
| سەۋىت | [«ق ب»] زۆھرا، چولپان (ۋېنېرا) يۇلتۇزى |
| سەۋىنتمەك | [«ئال»] خۇشال قىلماق؛ شادلانماق |
| سەۋىنچلەن | [«ش ت»] خۇشال بولماق |
| سەۋىنگ | [«قوج»] ئەزىز؛ ئاشىق |
| سەۋىنگلىگ | [«قوج»، «ئال»] سۆيۈملۈك |
| سەۋىنتۈرمەك | [«تۇر»] خۇشال قىلماق |
| سەۋىنچ | [«ت ت د»] خۇشاللىق، شادلىق، [«ماي»] سۆيۈنۈش |
| سەۋىنچەك | خۇشاللىق |

سەۋنچلەنمەك خۇشال بولماق

سەۋنچلىگ [«ئال»] خۇشاللىق، شادلىق

سەۋنمەك [«ئال»] خۇشال قىلماق؛ خۇشال بولماق

سەئىل [«ئۇت»] خاس ئىسىم

ستابىش «ساتابىش» قا قاراڭ

ستاۋارى خىل ئۆسۈملۈك

ستراۋست شەھەر ئىسمى

سترایاسترىش يەتتە قات ئاسماندىن بىرىنىڭ ئىسمى (؟)

ستۇپ «سوپۇرغان» غا قاراڭ

ستىر I △ [«ت تىب»] سەر (ئېغىرلىق ئۆلچىمى)

ستىر II △ [«ئۇت»] «ساتىر» غا قاراڭ

سمنانچ راھىبە

سن [«تۇر»] سەن (ئىككىنچى شەخس ئالمىشى)

سۋمەك «سەۋمەك» كە قاراڭ

سۋىگلىگ «سەۋىگلىگ» كە قاراڭ

سۋنچ «سەۋنچ» كە قاراڭ

سۋنمەك «سەۋنمەك» كە قاراڭ

سوتۇپ [«ئۇت»] «ستۇپ» قا قاراڭ

سوداقا [«تۇر»] سۇلۇق: سوداقا نەڭ — سۇلۇق نەرسە

سورتۇرماق [«ت ت د»] ① سوراتماق؛ ② شوراتماق

سورغۇ [«ت ت د»] شورىغۇچ، ھەجامەت (قان ئېلىش ئەسۋابى)

سورماق [«ئۇت»] ئەممەك، شورىماق، «سۇرماق» قا قاراڭ

سورۇشماق [«ت ت د»] شورىماق، ئىچىۋالماق: تون تەرىنگ سورۇشدى — كىيىم تەرنى شورىۋالدى

سورۇغ [«ت ت د»] سىرۇشتە

سورۇقماق [«ت ت د»] سورىقى قىلىنماق، سىرۇشتۇرۇلمەك

سورۇلماق [«قوج»] شورالماق، ئىمىلمەك

سوغان I [«ت ت د»] بوغما يىلان

سوغان II سۆكپىياز

سوغانچىغ I △ [«ئىك»] گۈزەل، چىرايلىق

سىغانچىغ II △ سۆيۈملۈك، مۇھەببەتلىك؛ ياخشى

سوغراتماق [«ت ت د»] تەكشۈرمەك، تىنتىماق

سوغراشماق [«ت ت د»] شوراشماق، سىمۇرۇشمەك

سوغۇت I [<قار. «ت ت د»] قىتىق پىشلىقى

سوغۇق II [«ت ت د»] ھىسسىپ

سوغۇرماق مۇزلاتماق؛ قولدا تۇتماق

سوغۇشماق I [«ت ت د»] سىۋۇشقا باشلىماق: ئود سوغۇشدى — كۈن (ھاۋا) سىۋۇشقا باشلىدى

سوغۇشماق II ئۇرۇلماق، سىقۇلۇپ كەتمەك

سوغۇن I [«ت ت د»] پىياز

سوغۇن II [«ق ب»] تاغ ئۆچكىسى، تاغ تېكىسى

سىغىتماق △ [«قوج»] سىۋۇتماق، مۇزلاتماق

سوغىدماق △ «سىغىتماق» قا قاراڭ

سىغىغ △ [«تۇر»] سىغۇق، مۇزدەك

سىغىق △ [«تۇر»، «ئال»] «سىغىغ» قا قاراڭ

سىغىق سۇۋ △ [«ئال»] سىغۇق سۇ

سوغىماق △ سوۋۇماق، مۇزلىماق

سوق I [«ماي»] ئۇچراشماق، ئۇچرىماق

سوق II [«قوج»] قىزغانچۇق، كۈنچى

سوقار [«ت ت د»] ① مۈڭگۈزسىز هايۋان؛ ② ئايپاڭ باش ئادەم

سوقاق I [«ت ت د»] بۆكەن

سوقاق II [«ت ت د»] ئۇرۇشقاق، پېتىشمايدىغان

سوقانچىغ △ [«ماي»، «ش ت»] ئېسىل، چىرايلىق، ئاجايىپ؛ [«كۆل»] ئوبدان، ياخشى

سوقتۇ [«ت ت د»] هېسپىنىڭ بىر خىلى

سوقتۇ ئەلچى [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سوقلانماق [«ئۇت»] ئويلىماق، ئەسلىمەك، سېغىنماق، ئارزۇ قىلماق

سوقلۇق [«ت ت د»] تويمىغۇرلۇق، ئاچكۆزلۈك

سوقلۇنماق [«تۇر»] قارىغۇ بولماق؛ كېرەكسىز بولماق

سوقماق I [«ت ت د»] ① سوقماق، يانجىماق؛ ئەزمەك، ئۇرماق؛ ② چوقۇماق: قۇش مەڭ سوقدى — قۇش دان چوقۇدى

سوقماق II [<ئوغ. «ت ت د»] چاقماق: ئانى يىلان سوقدى — ئۇنى يىلان چاقتى

سوقۇ [«ت ت د»] هاۋانچا

سوقۇش [«ماي»،«ئر»] «سوق I» گە قاراڭ

سوقۇشماق [«تۇر»] تىقىلماق، سانجىلماق، تۇتۇشماق؛ [«ئۇت»] قارشىلاشماق، ئۇرۇشماق

سوقۇنماق [«تۇر»] كەسمەك، چاپماق
سوقىم △ [«ت ت د»] ئۇقيا ئۇقىنىڭ ياغاچتىن قىلىنغان قۇيرۇقى
سوك [«ت ت د] كېيىن، ئارقا؛ ئاخىر
[«ئال»، «ئۇت»] ئاخىردا
سوكدا [«ت ت د»] قوغلىماق، پېيىگە چۈشمەك
سوكداماق [«ت ت د»] كەينىگە چۈشمەك، ئىزمۇ ئىز قوغلىماق
سوكراماق [«ت ت د] كەينىگە تارتماق، ئارقىغا سۆرىمەك
سوك سۇي [«ئۇت»] خاس ئىسىم
سول [«تۇر»] سول، شەرق، كۈنچىقىش
سولاتماق [«ئۇت»] سولاتماق
سولاماق [«تۇر»] ① تېپىلماق؛ ② زەنجىرلىمەك، باغلىماق
سولامۇق [«ت ت د»] سولخاي، تەتۈر
سولتۇن [«تۇر»] سول، سولدىن، سول تەرەپتىن
سولدا [«ت ه»] خاس ئىسىم
سولدا باي [«ئۇت»] خاس ئىسىم
سولماق [«تۇر»] ياندۇرماق، قۇسماق
سوما [«ئۇت»] خاس ئىسىم
سوماچى △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم
سوۇۇشغان [«ت ت د»] مەددە قۇرت، مەددە قۇرتتىن بولىدىغان سېرىق كېسەل
سوۇۇق سوغۇق، مۇزدەك، «سوغىغ» قا قاراڭ
سويۇرقا [«ئۇ»] سوۆغا قىلماق
سويۇنساۋىنچى△ [«ئۇت»] گۆرۈ، كاپالەت، كاپالەتنامە

**سۇ** [«ئال»] ① سۇ؛ ② ئامان - ئېسەن

**سۇئا** [«ئنك»] قۇلۇپ

**سۇ ئەسەن** ئامان - ئېسەن

**سۇبۇرغان** «سۇ بۇزغان I» قاراڭ گە

**سۇ بۇزغان I** [«ت ت د»] ① گۆرىستان، گۆرلۈك، مازار؛ ②جىنازا

**سۇ بۇزغان II** [«ت ت د»] كۇپپارلار بازىرى

**سۇ پاترا** خاس ئىسىم

**سۇپرىيا** خاس ئىسىم

**سۇپسۇپ** گۈل - چېچەكنىڭ بىر تۈرى، سۇپسۇپ گۈل

**سۇپۇرغان** [«قوج»] «ستۇپ» قا قاراڭ

**سۇچ** [«ت ت د»] سۇس، گال: قىلىچ سۇچ قىلدى — قىلىچ گاللىق قىلدى؛ ئەر سۇچ قىلدى — ئادەم سۇسلۇق قىلدى

**سۇچغۇرماق** [«ت ت د»] سەكرەي دىمەك، سەكرىگىلى قوپماق

**سۇ چۇل** [«ت ت د»، «ق ب»] سال، يەش (بۇيرۇق پېئىلى)؛ سالماق، يەشمەك

**سۇ چۇلماق** [«ق ب»] سىلىنماق، يېشىلمەك، سالماق؛ يەشمەك

**سۇچىتماق** [«ت ت د»] سەكرەتمەك

**سۇدا زۇمى** «سۇدا سۇمى» غا قاراڭ

**سۇدا سۇمى** خاس ئىسىم

**سۇدماق** [«تۇر»] ئاتماق؛ ئاقماق

**سۇدۇر I** [<سان. «ش ت»] بۇددا ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە چۈشەنچىلەر

**سۇدۇر II** [«ت ھ»] بۇددانىڭ تەشۋىقاتچىسى

سۇرا [«ت ت د»، «ت تىب»] ئىشلەتمەك، پايدىلانماق

سۇرت [«ش ت»] تۈيۈقسىز

سۇرقۇچ [«ت ت د»] سىر دەرىخىنىڭ يېلىمى

سۇرما [«ئىدك»] ئۈزۈم ھارىقى، مۇسەللەس

سۇرماق ①ئۈزمەك؛ ② سويماق؛ ③ سىرىماق

سۇرى △ [«ت ھ»، «ئۇت»] خاس ئىسىم

سۇرىئا △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سۇزاق [«تۇر»] يېزا، كەنت

سۇزۇق [«ت ت د»] تۈكلۈرلۈك

سۇسغاق [«ت ت د»] ئۇسقاق (چۆمۈچ ۋە نوگايىغا ئوخشاش سۇ ئۇسىدىغان ئەسۋاب)

سۇسماق ① سىرقۇۋەتمەك؛ ② گاڭگىراپ قالماق

سۇسىق △ [«ت ت د»] سوغا، ياغاچ چېلەك

سۇغ [«ئال»] «سۇۋ» غا قاراڭ

سۇغدىچ △ [«ت ت د»] قاتار بەزمە (قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ)

سۇغۇلماق [«ئال»] قۇرۇماق، قۇرۇپ كەتمەك؛ تارتىلماق

سۇغۇن [«تۇر»] كېيىك

سۇق I [ت ت د»، «ئەت»] ئاچكۆز، تەمەخور

سۇق II [«ئال»] ① «شۇك» كە قاراڭ؛ ② ھەۋەس، ئىستەك

سۇق III دانلىماق

سۇقار بىر خىل ئۆسۈملۈك

سۇقاۋاتى [<سان] بۇددىستلارنىڭ ئەرشتىكى جەننىتى

سۇقرۇ [«ت ت د»] سۇقۇنۇپ؛ رۇخسەتسىز

سۇقسۇمۇر　بىر خىل دورا

سۇقشۇمۇر　«سۇقسۇمۇر» غا قاراڭ

سۇقلانماق　[«تۇر»] قارا نىيەتلىك قىلماق، ئاچكۆزلۈك قىلماق

سۇقلۇق　[«ئەت»] ① ئاچكۆز؛ ② ئارزۇ قىلىش

سۇقماق　سوقۇۋالماق، تىقماق؛ كىرگۈزمەك

سۇقۇنماق　[«ت ت د»] سۇ قۇيماق؛ يۇيۇنماق، يۇيماق

سۇقىغ　① بارماق؛ مۇناسىۋەت؛ ② توقۇلما

سۇڭقۇر　[«ت ت د»] شۇڭقار

سۇلاق　[<قىپ. «ت ت د»] «تالاق» قا قاراڭ

سۇلانى　بىر خىل ئۆسۈملۈك

سۇملىشماق △　[«ت ت د»] كالدىرلاشماق، چۇلدۇرلاشماق

سۇمىر　[<سان. «تۇر»] بۇددا رىۋايىتىدىكى بىر تاغ-
نىڭ ئىسمى

سۇن　ئۆلچەم بىرلىكى

سۇنا ياتماق　[«ئال»] كېرىلمەك، سوزۇلماق، سوزۇلۇپ ياتماق

سۇنچۇق　تەكيە (ياستۇق)

سۇندۇرى △　[«ت ت د»] دېڭىز

سۇندىلاچ △　[«ت ت د»] سۇندۇك // سۇڭگۇلۇگۇچ

سۇنزى △　[«ت ت د»] پىت (بۈرگە جىنسىدىكى بىر جانىۋار)

سۇنماق　[«ئال»، «تۇر»] سۇنماق، يايماق؛ ئۆزىگە تارتماق؛
ياتماق

سۇنۇ I　[«ت ت د»] سىيادان

سۇنۇ II　قارا ئارپىبەدىيان

سۇنۇ III　[«ت تىب»] قارا كەرەپشى

سۇنى △ [«ت ت د»] زەگۆندە (تامنىڭ ياكى تاختاينىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان توغرا ياغاچ)

سۇئۇ [«تۇر»] بۇيۇك سائادەت، زور بەخت

سۇۋ I [«ت ت د»، «قوچ»] سۇ

سۇۋ II [«تۇر»] سۇ يۇلتۇزى، مەرىخ

سۇۋاتچىر △ بىر خىل دورا

سۇۋاتسىر △ «سۇۋاتچىر» غا قاراڭ

سۇۋار [«ت ت د»] سۇغار، سۇغارماق

سۇۋاسدىقسى △ [«ئال»] بىر موناستىرنىڭ نامى

سۇۋاماق ① سۇغارماق؛ ② سۇۋسىماق

سۇۋچى △ [«ئۇت»] يول باشلىغۇچى، يولباشچى

سۇۋسا ئۇسسىماق، ئۇسساش

سۇۋسالىق ① هاراقكەش؛ ② كەيپ

سۇۋساماق [«تۇر»] «سۇۋسا» غا قاراڭ

سۇۋسۇش [«تۇر»] ① هاراق، ئىچىملىك؛ ② سىپىش (بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە سۇ سەپمەك)

سۇۋسۇشماق ئۇسۇماق، ئۇسۇش

سۇۋلاغ [«ت ت د»] ① سۇلاق (مال سۇغىرىلىدىغان يەر)؛ ② سۇللاغ (قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ نامى)

سۇۋلاك [«ت ت د»] شاخسىز، پۇتاقسىز: سۇۋلاك يىغاچ — شاخسىز، پۇتاقسىز دەرەخ

سۇۋلۇغ سۇلۇق

سۇۋلۇق I سۇ چېلىكى، سۇ ئالىدىغان قاچا

سۇۋلۇق II [«ت ت د»] قىزىل ياغلىق

سۇۋۇق [«ت ت د»] سۇيۇق (ھەرقانداق سۇيۇق نەرسە)

سۇۋۇنلۇق [«تۇر»] پارقىراق (؟)

سۇئى [«قۇج»] «تسۇي» غا قاراڭ

سۇ ئىچرەكى سۇنىڭ ئىچىدىكى

سۇي [«قۇج»] گۇناھ، جىنايەت

سۇيران [<ئوغ. «ت ت د»] مۇنار ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان ئېگىز نەرسە

سۇيلۇغ گۇناھلىق

سۇيۇرقاماق تەقدىم قىلماق، سۇنماق

سۆ [«تۇر»] ۋاقىت، زامان، «سۆكى» گە قاراڭ

سۆز [«تۇر»، «قۇج»] سۆز، ئەمر، بۇيرۇق

سۆزلەتىلمەك [«تۇر»] سۆزلىتىلمەك

سۆزلەشمەك [«تۇر»، «ئال»] سۆزلەشمەك، پاراڭلاشماق

سۆزلەگۈلۈگ سۆزلەشكە تېگىشلىك

سۆزلەمەسلىك [«قۇج»] مەنىسىز سۆزلەر، سەت گەپلەر

سۆزلەمەك [«ئال»] پاراڭلاشماق

سۆزلۈگ ئاغزاكى

سۆكتى [<ئار. «ت ت د»] كىپەك

سۆكلۈنچۈ [«تۇر»] كۆيدۈرۈپ قىزارتىلغان؛ كاۋاپ

سۆكلۈنمەك پىشىلمەك، سۆكۈلمەك

سۆكمەك [«ئۇ تىب»] ① يىرتماق؛ ② ئەيىبلىمەك؛ ③ ئېسىدىن كەتمەك، بىھوش بولماق

سۆكۈ [«ت ھ»] دەريا ئىسمى

سۆكۈتمەك [«تۇر»] تىز پۈكتۈرمەك

سۆكۈرمەك «سۆكۈتمەك» كە قاراڭ

سۆكۈش تىللاش، قارغاش

سۆكۈل I [«ت تىب»] پارچىلىماق، ئەزمەك

سۆكۈل II [«ئەت»] ئەيىبلەنمەك

سۆكۈمسەك [«ئۇت»] تېز پۈكمەك

سۆكۈنچى [«ئەت»] ئەيىبلىمەك، تىللىماق

سۆكۈتمەك [«ت ت د»] پۈكۈنمەك، چۆكمەك، تىزلانماق

سۆكى [«ئال»] ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى

سۆگەل [<ئوغ. «ت ت د»] كېسەل، ئاغرىق

سۆگسۆگ شىش زىخ، كاۋاپ زىخى

سۆگلۈنچۈ [«ت ت د»] كاۋاپ

سۆگلۈنمەك I [«ت ت د»] قورۇلماق، كاۋاپ قىلىنماق

سۆگلۈنمەك II قىزارتىلماق

سۆگۈت [«ت ت د»] سۆگەت

سۆگۈش I [«قۇج»] كۆپپارلىق، دىنسىز

سۆگۈش II [«ت ت د»] ئۇرۇشماق

سۆگۈشمەك [«قۇج»] كۆپپارلاشماق، قارشىلاشماق

سۆگۈلمەك قىزارماق

سۆڭۈ I [«ت ھ»] خاس ئىسىم

سۆڭۈ II «سۆڭى» گە قاراڭ

سۆڭۈشگەلى جەڭ قىلغىلى، كۈرەش قىلغىلى

سۆڭۈشمەك [«قۇج»] ئېلىشماق، سوقۇشماق، جەڭ قىلماق

سۆڭۈك [«ت ت د»، «ئال»] سۆڭەك، ئۇستىخان؛ «سۆڭۈك» -
كە قاراڭ

سۆكۆكلۈگ [«ئال»] سۆكەكلىك

سۆكى [«تۇر»] خەنجەر، نەيزە

سۆن I [«ماي»] يوقىماق، ساقايماق، يېشىلمەك

سۆن II ئۇزۇن ۋاقىت، زامان

سۆنتۈرمەك [«تۇر»] ئاخىرلاشتۇرماق، بىر تەرەپ قىلماق

سۆندە بەرۇ [«ئىك»] ئەزەلدىن تارتىپ

سۆنمەك [«تۇر»، «ئال»] ئاخىرلاشماق، توختىماق، ئۆزبىدىن كەچمەك

سۆنۈك سۇنۇق، كۆچىدىن قالغان

سۇ [«ت ت د»، «تۇر»] قوشۇن، ئەسكەر

سۇپرۇندى [«ت ت د»] ئەخلەت

سۇپۇرگۈ [«ت ت د»] سۇپۇرگە

سۇچۇشمەك [«ت ت د»] سەكرەشمەك

سۇچۇك «سۇچۇگ» كە قاراڭ

سۇچۇگ [«ماي»] چۈچۈك، تاتلىق مەززىلىك

سۇچۇلۇگ [«ئال»] چېكىنگەن، ئارقىدا قالغان

سۇچۇنمەك [«ت ت د»] تەمىنى تېتىماق، مەززە قىلماق

سۇچىك [«ت ت د»] ① «سۇچۇگ» كە قاراڭ؛ ② هاراق، مەي

سۇچىگ «سۇچۇگ» كە قاراڭ

سۇد [«ت ت د»] تۆكۈرمەك

سۇدۇرمەك [«ئۇت»] چەكمەك، تارتماق

سۇر سۈرمەك، قوغلىماق

سۇرتمەك سۈرتمەك

سۇر تۈرمەك [«ت ت د»] سۈرگۈن قىلدۇرماق، ھەيدەلمەك

سۈرچەك [«ت ت د»] «سۈرچۈك» كە قاراڭ

سۈرچۈك [«ت ت د»] مەشرەپ، كېچىلىك ئولتۇرۇش

سۈرچى I [«ت ھ»] بوياقچى

سۈرچى II مالچى

سۈردۈشتۈر [«ت تسب»] ئەزمەك، ئۇۋۇلىماق

سۈردۈشتۈرمەك «سۈردۈشتۈر» گە قاراڭ

سۈرمە شاراب، ئىچىملىك

سۈرمەك [«تۇر»] ئوتلاتماق؛ ھەيدىمەك؛ باشلىماق، يېتەكلىمەك

سۈرۈك [«ت ت د»] ھايۋانلار توپى

سۈرۈگ [«قوج»] پادا

سۈرۈلمەك [«ت ت د»] ھەيدەلمەك، قوغلانماق: ئات سۈرۈلدى — ئات قوغلاندى (ھەيدەلدى)

سۈز [«چاس»] تىنچ بولماق

سۈزتۈرمەك [«ت ت د»] سۈزۈلدۈرمەك

سۈزكۈ [«تۇر»] سۈزگۈ

سۈزۈگ [«ت ت د»] سۈزۈك، سۈزۈلگەن

سۈس [«ئىك»] ئۇچرىماق، دۇچ كەلمەك

سۈسە [«ت ت د»] ① ئۈسمەك؛ ② سۈزمەك

سۈستۈرمەك [«ت ت د»] ئۈستۈرمەك، سوقۇشتۇرماق

سۈسكۈن I [«ماي»] ئومۇرتقا

سۈسكۈن II [«تۇر»] ئارقا

سۈسمەك سۈزمەك، پاكىزلىماق

سۈسۈنمەك [«ت ت د»] ئۈسسىدىغاندەك كۆرۈنمەك

سۈك [«ئال»] «شۈك» كه قاراڭ

سۈكسۈك سۆكسۆك، ئۇتۇن

سۈكسۈمىر «سۈقسۇمۇر» غا قاراڭ

سۈكلۈنمەك قىزارماق؛ قىزارتىلماق

سۈكلۈن قىرغاۋۇل

سۈكلىن [«ت ت د»] «سۈكلۈن» گە قاراڭ

سۈگنەگۈ [«ت ت د»] سەينەك (تىرناق بىلەن گۆشنىڭ ئا-
رىسىغا چىقىدىغان يارا)

سۈگۈش [<ئوغ. «ت ت د»] كاۋاپ قىلىشقا مۇۋاپىق
كېلىدىغان قوزا ۋە ئوغلاق گۆشى

سۈگۈل I [«ت تىب»] سۆگەل

سۈگۈل II قاپارتما، ھۈررەك

سۈڭۈ [«ت ت د»] نەيزە

سۈڭۈشمەك [«ت ت د»] نەيزىلەشمەك، جەڭ قىلماق

سۈڭۈك I [«ئال»] «سۆڭۈك» كە قاراڭ

سۈڭۈك II [«ت تىب»] ئېغىرلىق ئۆلچىمى

سۆڭۈكلۈگ [«تۇر»] سۆڭەكلىك

سۈڭۈگ [«كۈل»] «سۈڭۈ» گە قاراڭ

سۈڭۈلە [«ت ت د»] نەيزە تىقماق

سۈڭۈلەمەك [«ت ت د»] نەيزىلىمەك، نەيزە سانجىماق

سۈڭىش [«ت ت د»] ئۇرۇشۇش، نەيزىلىشىش، جەڭ
قىلىش؛ ھۇجۇم

سۈل I [«ت ت د»، «ت تىب»] نەم

سۈل II يېرىك، جاراھەت

سۈلەت [«تون»] ئەسكەر چىقارماق

سۈلەمەك [«تۆر»] سەپەرگە چىقماق، ئەسكەر تارتماق، يۈرۈش قىلماق

سۈلۈگ [«ئال»] قوشۇنلۇق، قوشۇنى بولغان

سۈم [<ئوغ. «ت ت د»] بەك: سۈم سۈچۈك نەڭ ــ بەك تاتلىق نەرسە

سۈمە [«ت ت د»] ئۇندۇرمە، ئۇندۇرمە قىلىنغان بۇغداي

سۈنمەك يېنىكلىمەك؛ ئازلىماق

سۈئۈ I [«ماي»] ھەيكەل

سۈئۈ II [«ئۇت»] قوشۇن، ئەسكەر

سۈئۈ باشى △ ئەسكەر بېشى، قوماندان

سۈئۈلەمەك «سۈلەمەك» كە قاراڭ

سۈۋرى [«ت ت د»] نەيزە، مۇنار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇچلۇق نەرسىلەر

سۈۋلىن [«ت ت د»] «سۈگلىن» گە قاراڭ

سۈئىئۈگ [«ت ت د»] «سۈرۈگ» كە قاراڭ

سېزىنمەك [«ت ت د»] سەزمەك، گۇمانلانماق، گۇمان قىلماق

سېن [«كەن. «ت ت د»] سەن (ئىككىنچى شەخس ئالمىشى)

سى I △ [‹خەن. «ئال»] بۇتخانا

سى II «قاڭ شى» غا قاراڭ

سىبات △ [«ت تب»] تۆگە سۈتى

سبەك [«ت ت د»] ① سۆۋەك (تۆگمەننىڭ كېنى، تۆگـ
مەن تېشنى چـۆگىلتىدىغان تۆمۈر)؛ ② شـۈ-
مەك، جوغا

سىبىزغۇ △ [«ت ت د»] سىبىزغا، نەي

سىپ △ [«ت ت د»] ئىككى ياشقا ماڭغان تاي

سىپا △ ئىپار

سىپار △ [«ت تىب»] «سىپا» غا قاراڭ

سىپۇت [«ت ت د»] يۇمغاقسۇت

سىپىرمەك [«قوج»] تازىلىماق، سۈپۈرمەك

سىت △ سىقىماق

سىت ساتانقىل△[«چاس»] سېھىرگـەرلىك قىلماق

سىتغا △ [«ت ت د»] يەڭنى تۈرمەك، يەڭ تۈرۈش

سىتىماق △ [«ئال»] قىرماق، بۇزماق؛ بۇزۇپ چىقارمـاق

سىتى «سىدى» گە قاراڭ

سىتىر △ [«ئۇت»] «ساتىر» غا قاراڭ

سىچ △ [«ت ت د»] چوڭ تەرەت قىلماق

سىچغان △ [«تۇر»، «ت ت د»] چاشقان

سىچغاناق △ [«چاس»] مۇسكۇل، پەي

سىچقان △ ①«سىچغان» غا قاراڭ؛

سىچقانچى △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سىچماق △ [«ت ت د»] چىچىش، چىچماق

سىچى △ [«ت ھ»] تۆت تەرەپ، پـاسىل، چېگرا، چەت

سىچىق [«ئۇت»] ئارقا، ئارقا تەرەپ

سىچىلىغ △ پاسىللىق، چېگرالىق

سىختاتماق △ [«ت ت د»] يىغلاتماق: ئول ئانى سىختاتتى — ئۇ ئۇنى يىغلاتتى

سىد [«ت تب»] سىيمەك

سىدام △ ساددا، تۈز

سىدرىم △ [<ئوغ. «ت ت د»] تاسما، كەمەر

سىدمەك سىيمەك، كىچىك تەرەت قىلماق

سىدۈك [«ت ت د»] سۈيدۈك

سىدى [<سان. «تۈر»] سېھىر، جادۇ، ناھايىتى كۈچلۈك

سىدىر «ساتىر» غا قاراڭ

سىدىڭ [«ت تب»] كۆپ سىيىدىغان

سىر △ [«ت ت د»] ① چىر - چىر (چېكەتكىنىڭ ئاۋازى)؛ ② سىر، بوياق

سىرت △ [«ت ت د»] قىل، يال

سىرتىغ △ [«ت ت د»] سىرتىق، خەۋەر، دېرەك، ئۇچۇر؛ مەنە

سىرتىق △ [«تۈر»] سىرتىدىكى مەلۇم بىر ئادەم

سىرتىلماق △ [«تۈر»] قورشالماق، يۆگەلمەك؛ تونۇلماق؛ ئېسىلماق

سىرچقا △ [«تۈر»] ئەينەك

سىركە سىركە؛ ئاچچىقسۇ

سىرماق △ [«ت ت د»] ئېشەكنىڭ توقۇمى

سىرۇق I △ [«ت ت د»] تىرەك، چېدىر تىرىكى

سىرۇق II △ [«ماي»] خادا؛ ياغاچ؛ دەستە

سىرۇق III △ [«ئۇت»] توقماق

سىرى بىر خىل دورىنىڭ ئىسمى

سىرىچغا △ [«ت ت د»] ئەينەك، شىشە

سىرىلماق △ [«ت ت د»] يۇقماق، يۇقۇشماق، چاپلاشماق

سىرىنچان △ «سىنچغان» غا قاراڭ

سىزە [«تا»] ① سايىرىماق؛ ② ئۇھ تارتماق

سىزغۇر △ [«ت ت د»] ئىىردىتمەك

سىزغۇرماق △ ئىىرىىمەك

سىزلاتماق △ [«تۇر»] ئاغرىتماق

سىزلاغ △ «سىسلاغ» قا قاراڭ

سىزلاماق △ [«تۇر»] ئاغرىماق

سىزماق △ چارچىماق، هارماق

سىزىغ △ [«ت ت د»] ① پەش، كىيىمنىڭ پېشى؛ ② چىش ئاردىلىقى

سىزىك I [«ماي»، «تۇر»] گۇمان، شۈبهە، [«ش ت»] سوئال، [«ت ت د»] سېزىك؛ پەكىر

سىزىك II [«ت ت د»] چاپانىنىڭ بىر پېشى

سىزىكسىز I [«تۇر»] گۇمانسىز؛ قايغۇسىز

سىزىكسىز II [«ماي»] گۇناھسىز

سىزىكسىز ساقىنقسىز [«ماي»] شەك - شۈبهەسىز

سىزىكلىگ [«تۇر»] گۇمانلىق

سىزلىك [«تۇر»] سىزنىڭ

سىزىلماق △ «سىزغۇرماق» قا قاراڭ

سىزىن [«ش ت»] گۇمان قىلماق

سىزىنگە [«تۇر»] سىزگە

سىزىنمەك [«ئال»] گۇمانلانماق

سس  سز (ئىككىنچى شەخس ئالمىشىنىڭ سىپايە شەكلى)
سىسغۇر △ [«ت تب»] «سىزغۇرماق» قا قاراڭ
سىسغۇرماق △ يوقىماق، يوقلىپ كەتمەك
سىسلاتماق △ [«تۇر»] ئاغرىتماق
سىسلاغ △ [«ت تب»] لوقۇلداپ ئاغرىماق
سىسماق △ [«تۇر»، «ئۇت»] بۇزماق؛ چاقماق
سىسدۇ △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم
سىسىر △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم
سىش I △ [«ت ت د»] زىخ، زىخچە
سىش II △ [«ت ت د»] ئىششىق
سىش III △ [«ئىك»] ئۇچلۇق؛ تىكەن؛ [«قۇج»] ئۇچ
سىش IV △ [«تۇر»] سەمىز
سىشمەك  [«قۇچ»] كۆپمەك، يوغىنىماق
سىغ I △ [«ت ت د»]... سىمان (ئوخشىتىش قوشۇمچىسى)
سىغ II △ يەر ئۆلچىمى
سىغتا I △ ئازابلانماق، يىغلىماق، ئازابلىنىپ يىغلىماق
سىغتا II △ [«كۆل»] دەپنە قىلماق؛ ماتەم تۇتماق
سىغتاشماق △ [«ئال»] يىغلاشماق
سىغتاماق △ [«ئال»] ئاغرىماق، ئازابلانماق، «سىقتاماق» قا قاراڭ
سىغرا △ [<ئوغ. «ت ت د»] ساي
سىغزاغ △ [«ت ت د»] ئاراچ: تىش سىغزاغى — چىش ئارىلىقى
سىغزالماق △ [«ت ت د»] سىغدالماق

سغزىغ △ [«ت ت د»] ① زىغزىق؛ ② قاداق

سغماق △ [«تۇر»، «ئىك»] ماسلاشماق، مۇۋاپىق كەلمەك

سغۇرچۇق [«ق ب»] بىرخىل قۇش نامى

سغۇرماق △ [«ت ت د»] سغدۇرماق

سغۇن I △ [«ت ت د»] بۇغا؛ ئەركەك كىيىك

سغۇن II △ [«ت ت د»] يەر نامى

سغىت △ [«ت ت د»] يىغا، يىغا - زار، [«قوۇج»] ماتەم، يىغلاش، ئازاب، [«كۆل»] قايغۇرماق

سغىتچى △ [«كۆل»] ماتەم تۇتقۇچى

سغىر △ [«ت ت د»] ① سىيىر، ئىنەك؛ ② شىكار (خانلار كۆپ ئادەم بىلەن قىلىدىغان بىر تۈرلۈك ئوۋ)

سغىرچىق △ [«ت ت د»] قارىغۇچا

سغىش △ «سىقىش» قا قاراڭ

سغىنماق △ قوغدىماق، ئاسرىماق

سق I △ [<ئوغ. «ت ت د»] ئاز

سق II △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سق III △ [«ئۇت»] يەر ئۆلچىمى

سق IV △ [«ت ھ»] ئېغىرلىق ئۆلچىمى

سقا △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سقاپ △ [«ئۇت»] سقاپ دەرياسى

سقاماق △ [«تۇر»] زىچلاشتۇرماق، قېلىنلاشتۇرماق

سقانماق △ ئەگمەك، ئېگىش

سقدا △ [«ئىك»] «سقداماق» قا قاراڭ

سىقداماق △ يىغلىماق، ئۈن چىقىرىپ يىغلىماق؛ ئاھ ئۇرماق؛ ۋارقىرىماق

سىقرىشماق △ [«ت ت د»] ئىسقىرتىشماق

سىقۇرماق △ [«تۇر»] توپلىماق، يىغماق، «سىغۇرماق» قا قاراڭ

سىقۇن △ [«ت ت د»] بۇغا

سىقىرقان △ [«ت ت د»] سېرىققۇيرۇق، تۇلۇمچاشقان

سىقىرماق △ [«ت ت د»] ئىسقىرتماق

سىقىش I △ [«ت ت د»] سىقىق، بىر - بىرىنى ئىتتىرىش، تارچىلىق، تىقما - تىقمىلىق

سىقىش II △ [«ئال»] قايغۇرۇش، بىئارام بولۇش

سىقىشلىغ △ [«تۇر»] بىئاراملىق، قايغۇلۇق

سىقىغ △ قورقۇش، سىقىلىش

سىقىلماق △ [«ت تىب»، «ئال»] سىقىلماق، ئازابلانماق

سىقىنماق △ سىقىلماق؛ ئېزىلمەك

سىك سۈيدۈك

سىكرىمەك [«تۇر»] ئاتلىماق، سەكرىمەك

سىگرىك [«تۇر»] ئاتلىماق؛ چاچرىماق

سىگىرىمەك تارتىشماق؛ يىتمەك؛ يۈگۈرمەك

سىگىل [«ت ت د»] سۆگەل

سىڭ I △ [«ئۇت»] تاغ تۇتاشمىسى

سىڭ II △ [«ت ھ»] ئۈرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك

سىڭ III «ساڭ» غا قاراڭ

سىڭار I △ [«ت ت د»] تەرەپ، يان، چەت: سىڭاردىن يۈرى — چەتتىن ماڭ؛ [«ئۇت»] نىشان؛ بەرەر جاينىڭ بۇلۇڭى

سىڭار II [«تۇر»] كۆپ قىسمى؛ بىرەر نەرسىنىڭ يېرىمى

سىڭارلاماق △ [«ت ت د»] يالغۇز كۆرمەك، بوزەك تاپماق

سىڭەك I [ت ت د»] چىۋىن

سىڭەك II [«ماي»] پاشا

سىڭەكلىگ [«ماي»] پاشىلىق؛ پاشا قورۇغۇچ

سىڭگىر [«ئو»] سىر

سىڭمەك I [«ت ت د»] يۇشۇرۇنماق، مۆكۈنمەك

سىڭمەك II [«تۇر»] تامماق، تامچىلىماق

سىڭۇ △ خاس ئىسىم

سىڭۇق △ [«ت ت د»] «سىنۇق» قا قاراڭ

سىڭۇرمەك شورىماق، يۇتماق، ھەزىم قىلماق

سىڭۈك «سىڭكۈك» كە قاراڭ

سىڭىر I [«ئال»، «تۇر»] سىڭىر، پەي، نېرۋا

سىڭىر II [«چاس»] يۇتۇش، ھەزىم قىلىش

سىڭىركە [«تۇر»] كىچىك سىڭىرلار

سىڭىرمەك يوقاتماق؛ سۇندۇرماق

سىڭىل قىز قېرىنداشنىڭ كىچىكى

سىڭلە ئۇھ تارتماق

سىڭلەمەك ئاھ ئۇرماق، زارلىماق، ۋارقىرىماق

سىلاڭ △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سىلكمەك [«ئال»] سىلىماق

سلماق △ «سلكمەك» كە قاراڭ

سلۇ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

سلىغ △ [«تۇر»] خاس ئىسىم

سلىك [«ت ت د»] سلىق؛ پاكىز، زىبىرەك، يېقىملىق

سلىكتۈرمەك ئۈن چىقارماق، سايرىماق

سلىگ [«ئال»] پاكىز، پاك، سۈزۈك

سلىمەك پاكىزلانماق، پاكلانماق

سم I [«ئەت»] كۈمۈش

سم II △ [<سان. «تۇر»] پاسىل، چېگرا

سماق I ① ئورمان؛ ② قورۇقلۇق

سماق II △ [«قوج»] سۇندۇرماق، بۇزماق

سماك [«ئەت»] يۇلتۇز نامى

سمەك [«ئال»] ئورمان، «سەمەك» كە قاراڭ

سمتاغسىز △ [«تۇر»] پائالىيەتچان، تىرىشچان، تىرىشماق

سمتاق I △ [«تۇر»] كېرەكسىز

سمتاق II △ «سىمەك» كە قاراڭ

سمتاق III △ بىغەم، قوپال

سمتالماق △ [«تۇر»] ھەرىكەت قىلماق، بارماق

سمرىمەك ئۆگەنمەك، ئوقۇماق

سملەپ-كىنلەپ [«ت تىب»] ئەزمەك، ئۇۋاتماق

سملەمەك ئېزىنمەك، ئەزمەك

سنمانچ △ «شنمانچ» قا قاراڭ

سن I △ [«ت ت د»] قەبرە؛ [«ئال»] مازار

سەن II [«قوج»] سەن (ئالماش)

سن III △ [«ئال»] تەن، مەۋجۇتلۇق

سن IV [«ئۇت»] ئۆلچەم بىرلىكى (تۆرى)

سن V △ بۇزماق

سناچقان △ بىر خىل دەرەخ

سناماق △ تەجرىبە قىلماق

سنان [«ت ھ»] خاس ئىسىم

سنتەدە سەندىن

سنتدە سېنىڭدىن

سنتن «سېنتەدە» گە قاراڭ

سندۇ I △ [<ئوغ «ت ت د»] قايچا

سندۇ II △ ھىندىستان

سن سۆكۈك △ سۆڭەك

سنسم كۈنجۈت

سنلىغ △ [«قۇج»] بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك

سنماق △ [«ئال»] قىرىلماق، پارچىلانماق، سۇنماق

سنۇق △ [«ت ت د»] سۇنۇق

سنى ئەر خاس ئىسىم

سنلاماق △ [«ئال»] يىغلىماق

سۋسنمەك [«تۇر»] ئايرىلىپ كەتمەك

سۋمەك «سەۋمەك» كە قاراڭ

سۋنچ «سەۋىنچ» كە قاراڭ

سىيۇ △ [«ت ت د»، «ت تىب»] غەلىبە قىلماق، يەمەك، غالىب كەلمەك

سىيۇق △ [«ئىك»] پارچىلانغان، بۇزۇلغان؛ خارابە

# ش

شابار [<سان. «ت تسب»] ئالنپاساق (تېرىگه چۈشكەن ئاقكېسەل ۋە باشقىلار)

شابى [«ئال»] شاگىرت

شاپ [«ت ت د»] پات، تېز، چاپسان: شاپ كەل — تېز كەل.

شات [«ت ت د»] جۈرئەت، جاسارەت

شاتۇ [«تۇر»] داھىي، قوماندان، باشلامچى، سەركەردە

شاخبۇخرغان [«تۇر»] مانىي دىنىدىكى بىر ئەسەرنىڭ ئىسمى

شاد [«تۈن»] ئەمەل نامى

شاداپىت [«كۆل»] ئەمەل نامى

شارىرا ئادەم جەسەت كۆلى، مۇقەددەس نەرسە

شازانا دىن، ئەقىدە

شازىن △ بۇددا نوملىرىنىڭ شاستىر ۋە ۋىنايا قىسمى

شاساتر «شاستىر» غا قاراڭ

شاستر [<سان. «ش ت»] (بۇددا نوملىرىنىڭ ساكىيامۇنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ھاياتى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر قىسمى)، [«تۇر»] دىنىي دەرسلىك، دىن دەرسلىرى

شاستراپىري [<سان] خاس ئىسىم

شاستراقارىكى [<سان] خاس ئىسىم

شاش [«ئو»، «موي»] ئالدىراپ كەتمەك، غەزەپلەنمەك، ئالاقزادە بولماق، ھودۇقماق، ساراسىمىگە چۈشمەك

شاشماق [«قب»]قايمۇقماق،ئالدىرىماق،ئالدىراڭغۇلۇقىلماق

شاشلىماق △ [«ئال»] ئالايماق

شاغام [«ئو»] شام (سۈرىيە)

شاقشامانى [«تۇر»] خاس ئىسىم

شاقشى △ پاسكىنىلىق

شاكى [<سان، «ماي»] قەدىمكى قەبىلە نامى

شاكمۇن [<سان. «تۇر»، «قۇج»] ساكيامۇنىنىڭ ئۆزگىچە ئاتىلىشى

شال [<سان] كۇلۇب؛ ئۆي

شالاشۇ [«ت ت د»] بىر خىل رەخت

شامنانچ [«تۇر»] راھىبە

شامنۇ «شىقنۇ» غا قاراڭ

شامۇشا [«ت ت د»] شۇمشە (بىر خىل خۇش پۇراق ئوت)

شەبىڭ [<چىگ. «ت ت د»] كىچىك تۆمۈر چوقماق، تۆمۈر ھاسا

شەراب [«ئەت»] شاراب، ئىچىملىك

شەرە [«ئەت»] يەر ئىسمى

شەرر [«ئەت»] يامان، بۇزۇق

شەرىر «شادىرا» غا قاراڭ

شەشمەك [«ت ت د»] يەشمەك

شەشىلمەك [«تۇر»] يېشىلمەك، ھەل بولماق

شەكەر [«تۇر»] شېكەر

شەكىرتۆك [«ت ت د»] پىستە

شەگ [«تۇن»] تاپ، تاپا (ئۆلۈك ھايۋان)

شەنۆك ئاق ئالتۇن

شىراۋست شەھەر ئىسمى

شىرىنالاندىم [«ش ت»] خاس ئىسىم

شىقەر «شەكەر»گە قاراڭ

شىلوك [<سان. «ئال»] شېئىر، بېيىت

شىمنانچ «شامنانچ» قا قاراڭ

شىمنۇ [«تۇر»، «ئال»] شەيتان

شىمنۇلۇغ [«قوج»] شەيتان ئارىلاشقان

شىنۆك «شەنۆك» كە قاراڭ

شور [«تۇر»] شور، تۇزلۇق

شوغلۇ [«ت ت د»] ئۈستۈزۈم

شۇتى △ [«ت ت د»] قىرىقئاياق (ئۆمۈچۈككە ئوخشاش ھاشاراتلار)

شۇرۇتى [<سان] تويۇلماق، ئاڭلانماق

شۇمنۇ [«قوج»] «شىمنۇ» غا قاراڭ

شۇنقار شۇڭقار

شۇۋشاشماق [«ت ت د»] شىۋىرلاشماق

شۆت I [«ت ت د»] كېلىپ چىقىش، ئورۇق - نەسەب

شۆت II [«تۇر»] قەتئىي، پەقەت، ئۆنسىز

شۆت III [«ئال»] تىمك، تۆپتۆز

شۈتۈك [«ت ت د»] كالا ۋە شۈنىڭغا ئوخشاش ھايۋان‍لارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان دۇۋەت

شۈك قەتئىي، پەقەت

شۈنۈك «شەنۈك» كە قاراڭ

شىرە شىرە، ئۈستەل

شىرمىرى △ [«تۇر»] ئۆگەنگۈچى راھىب

شىش I △ [«ت تىب»] كۆپمەك، چىڭقالماق

شىش II قاپارغان؛ سېمىز

شىشاكى [«ش ت»] خاس ئىسىم

شىشمەك قاپارماق؛ سەمرىمەك، ئىششىماق

شىلا ئاتىدى [«ش ت»] خاس ئىسىم

شىلابادرى خاس ئىسىم

شىمتاغ △ مىسكىن

شىمتاماق △ ئەركىن قويۇۋەتمەك

شىمنانچ △ [«تۇر»] «شامنانچ» قا قاراڭ

شىن △ [چىڭ. «ت ت د»] تەخت؛ تۆشەك

شىۋاچىر △ «سۇۋاتچىر»غا قاراڭ

# غ

غاتىغ △ قاتتىق، چىڭ، قىيىن
غادىر △ [«ئەت»] خىيانەت قىلماق
غارىب △ [«ئەت»] غەيرىي، ئادەتتىن تاشقىرى
غالات [«ئەت»] خاتالىق
غاناغ [«قۇج»] ئۆتەڭ، دەڭ، ساراي
غروستاغ «قروستاق» قا قاراڭ
غورغىنچىسىز △ قورقۇنچىسىز، قورقماي
غورماق قۇرۇش، قۇرماق
غورمۇزتا «خورمۇزتا» غا قاراڭ
غوشتى [«قۇج»] ئۆگەتكۈچى
غوق كۆل، «قوق» قا قاراڭ
غۇئان [«تۇر»] گۇناھ، جىنايەت
غۇرۇ [<سان] ئۆگەتكۈچى، ئوقۇتقۇچى،
غۇنچۇئى «قۇنچۇئى» غا قاراڭ
غۇۋراغ «قۇۋراغ» قا قاراڭ
غىرزا «قىرزا» غا قاراڭ
غىرغىبلاماق △ كىرلەشمەك، مەينەتلەشمەك

△ غىز — قىز، ياش

△ غىزغۇت — جاپا، مۇشكۈل

△ غىلماق — «قىلماق» قا قاراڭ

△ غىلىنچ — «قىلىنچ» قا قاراڭ

△ غىن — غەم، قايغۇ، ھەسرەت، ئازاب

# ف

فارىغ [«ئەت»] راھەت كۆرمەك، ئەركىن بولماق

فازىل [«ئەت»] ئەخلاق، پەزىلەت، ئارتۇقچىلىق

فەراھ كەڭ، زور، بىپايان

فەرىشتى [«قوُج»] پەرىشتە

فۇتسى [<سان. [«تۇر»] ئەقىلدار، دانىشمەن، ئالىم

فۇرخان [<سان. «ت ت د»] بۇت، بۇرخان

فۇقا [«ق ب»] بىر تۈرلۈك شاراب

فۇتۇۋۋەت [«ئەت»] مەرد، سېخىي، كەڭ

فىشانلىغ △ [«تۇر»] سەزگۈر، ئەقىللىق

فىغتۇ △ [<چىگ. «ت ت د»] قايچا

فىل [«ئەت»] ھەرىكەت

# ق

قا I [«ت ت د»] قاچا، ئىدىش

قا II [<ئار. «ت ت د»] ـ قا، ـ غا (يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى): ئاتامقا بېردىم يارماق ـ ئاتامغا يارماق بەردىم

قا III [«ئال»، «ئۇت»] دوست، ئۇرۇق ـ تۇغقان

قائانچاناپاتى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى

قاب I [«ت ت د»] خالتا، قاپ، [«ئۇت»] تۇلۇم (تېرىدىن ياسالغان خالتا)

قاب II چىشلىمەك

قابارماق «قاپارماق» قا قاراڭ

قاباق I قاپاق (سۇ ئالىدىغان قاپاق)

قاباق II قاپاق (كۆز قاپىقى)

قابان I [«ئۇت»] تاۋاق، تەخسە

قابان II [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قابشا ـ تەۋرىمەك، ئىككىلەنمەك، مىدىرلىماق، لىڭشىماق

قابشاماق [«ئال»] «قابشا» غا قاراڭ

قاپشۇرماق كۆرۈشتۈرمەك؛ يەتكۈزمەك، «قاۋشۇرماق» قا قاراڭ

**قابۇچاغ** [«ئو»] كاۋاك، بوشلۇق، كامار، تۆشۈك

**قابۇچاق** «قابۇچاغ» قا قاراڭ

**قابىس △** [«تۈن»، «موي»] يىغىلماق، تويلاشماق، بىرلەشمەك

**قابىش I △** «قاۋىش» قا قاراڭ

**قابىش II △** [«تۈن»، «موي»] «قابىس» قا قاراڭ

**قابىن △** [«ئۇت»] بىر خىل قۇرت

**قاپ I** «قارا» غا قاراڭ

**قاپ II** «قاب I» گە قاراڭ

**قاپ III** [«ت ت د»] ① تۇلۇم؛ ② قاچا؛ ③ قاپ (ئانىنىڭ قورسىقىدا بالىنى ئوراپ تۇرغان قاپ) ④ كۆچمەم: تۇغقان

**قاپارغان** [«ت ت د»] قاپارتقا

**قاپارماق** كۆپمەك، ئۆرلىمەك

**قاپاغ** [«ئىك»، «چاس»] دەرۋازا، قاپقا، سىپىل دەرۋازىسى؛ ئىشىك؛ «قاپىغ» غا قاراڭ

**قاپاغچى △** دەرۋازىۋەن

**قاپاق** [«قۇج»] «قاباق» قا قاراڭ

**قاپچاق** [«ت ت د»] قوشلاش (ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ قوشۇلغان يېرى)

**قاپچۇق** [«ت تىب»] خالتا

**قاپغا** [«ت ت د»] قوۋۇق، دەرۋازا

**قاپغاق** [«ت ت د»] ساداقنىڭ قاپقىقى

**قاپلان** [«تۇر»] يولۋاس

قاپماق [«ت ت د»] تۇتماق؛ تارتىۋالماق، بۇلىماق؛ ئېرىشمەك، ئىگە بولماق

قاپۇغ [«ت ت د»] قوۋۇق، ئىشىك

قاپىش △ [«ت ت د»] بۇلاش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش

قاپىشماق △ [«ت ت د»] تالاشماق، بۇلاشماق؛ قارشى تۇرماق

قاپىغ △ [«ماي»، «تۇن»، «ئۇت»، «ئال»] دەرۋازا، ئىشىك

قاپىلماق △ [«ت ت د»] ① قامالماق؛ ② بۇلانماق، بۇلاپ كېتىلمەك: ئانىڭ تونى قاپىلدى — ئۇنىڭ كىيىمى بۇلاندى

قات I [«تۇر»] قېتىم؛ قاتلام

قات II بىر خىل هايۋان

قات III [«ئىر»، «ت ت د»، «ت تب»] يان، يان تەرەپ

قات IV [«تۇن»، «موي»] ① قوشۇلماق، ئۇچراشماق، بىرلەشمەك؛ ② قاتتىق يول باسماق

قاتا [«ئال»، «تۇر»، «ت تب»، «ت ت د»] قېتىم، هەسسە

قاتار- [«ت ت د»] «قاتارماق I» گە قاراڭ

قاتارماق I [«ت ت د»] قايتۇرماق، چېكىندۈرمەك: ئول ئاتىغ قاتاردى — ئۇ ئاتنى قايتۇردى؛ ياغى قاتاردى — دۈشمەننى چېكىندۈردى

قاتارماق II [«ئال»] ئۆرۈمەك، ئايلاندۇرماق

قاتاغ I ساغلام، قاتتىق

قاتاغ II مەنبە، ھاياتىي كۈچ

قاتاغ II تىرىشماق

قاتاغلا- ① ئەگەشمەك؛ ② تىرىشماق

قاتاغلانتاچى△ [«ماي»] تىرىشقۇچى

قاتاغلىغ △ بەك قاتتىق

قاتاق [«ئال»] «قاتاغ» قا قاراڭ

قاترە [«ئەت»] تامچا؛ تامچىلىماق

قاترون- قاتۇرماق

قاترۇن [«چاس»] قاتتىق

قاتغۇر- I [«ماي»] قاقاقلاپ كۈلمەك

قاتغۇر- II [«ت ت د»] قاتۇرماق؛ قوشماق

قاتغۇرۇشماق ئۈن چىقارماق، ئاۋاز چىقارماق

قاتغى △ [«تۇر»] ساغلام؛ قاتتىق، [ت ت د»، «ت تىب»] بەك

قاتقارا [«ق ب»] قاقاقلىماق

قاتقى I △ [«ماي»] قاتتىق

قاتقى II △ [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قاتقىچ △ [<ئار. «ت ت د»] چايانغا ئوخشاش چاقىدىغان بىر خىل قۇرت

قاتلانماق [«ت ت د»] مېۋىلەنمەك: يىغاچ قاتلاندى — دەرەخ مېۋىلىدى

قاتلىش △ [«ت ت د»] قېتىلىش (دەريالارنىڭ قېتىلىدىغان يېرى)

قاتماق I [«قۇج»] قوشۇمچە قىلماق، ئۇلىماق

قاتماق II [«ئال»] قاتماق، چېكىماق

قاتماق III تاقەتسىزلەندۈرمەك

قاتۇت I [«ت ت د»] قېنىش، قوشۇش: قاتۇتلۇغ ئوق — باشقى زەھەردە سۇغىرىلغان ئوق

قاتۇت II [«ت ت د»] قىساق: ئارمۇت قاتۇتى — ئامۇت قېقى

قاتۇت III [«ت ت د»] سىراچ (مۇزدۇزلار ئىشلىتىدىغان بىر خىل سايمان)

قاتۇرماق I [«ئال»] پۇشايمان قىلماق

قاتۇرماق II [«ق گ»] كۆچلەنمەك، قۇۋۋەتلەنمەك

قاتۇن [«ت ت د»] خوتۇن، خېنىم، خانىش، [«ئال»، «تۇر»] ئايال

قاتۇنماق [«تۇر»] چېكىماق، قاتتىقلاشماق

قاتىر I △ ساغلام؛ بەك

قاتىر II △ [«ت ت د»] قېچىر

قاتىرغان △ [«تۇر»] بىر خىل دەرەخ

قاتىر قاتىغ △ [«ئال»] دەھشەتلىك، ئىنتايىن مۈشكۈل

قاتىر ياۋلاق △ [«ئال»] ئىنتايىن يامان، قەبىھ

قاتىغ I △ [«ت ت د»] قاتتىق؛ [«تۇر»] ساغلام

قاتىغ II △ [«تۇر»] ① پاسكىنىلىق؛ ② ئارىلاشما، قوشۇغلۇق

قاتىغ قىيا △ [«مان»] ناھايىتى قاتتىق؛ بەك

قاتىغلان △ [«سۇ»] تىرىشماق

قاتىغلانماق △ [«تۇر»] تىرىشچانلىق كۆرسەتمەك

قاتىغلىق △ [«ت ت د»] بالايىئاپەت، بالا ـ قازا

قاتىل ▲ [«ماي»] ئۇچرىماق، دۇچ كەلمەك

قاتىلماق ▲ [«قال»، «ت ت د»] قېتىلماق، قوشۇلماق

قاتىن I △ [«ئۇت»] «قاتۇن» غا قاراڭ

قاتىن II △ [«ت ت د»] ھۇجۇم قىلماق

قاتىنماق △ [«تۇر»، «ئال»] ساغلاملاشماق، مۇستەھكەملەشمەك

قاچ I [«ت تىب»، «ت ت د»] قانچە؛ بىرئاز

قاچ II [«ئال»] قانچىلىك؛ نەقەدەر

قاچاچ [«ت ت ھ»] قاقاچ، كىر: تون قاچاچ بولدى — تون كىر بولدى

قاچاك قانچە ۋاقىت؛ قانچە قېتىم

قاچتۇرماق [«ت ت د»] قاچۇرماق

قاچدىرپا △ [«ت ھ»] پەر ئىسمى

قاچ قاتا [«قۇج»] كۆپ قېتىم، نۇرغۇن

قاچغار [«ت ت د»] قوشقار

قاچۇت [«ت ت د»] تۇتۇشۇش

قاچۇر [«ت ت د»] قانچە قېتىم

قاچىتتىم [«ق ب»] قاچۇرۇۋەتتىم

قاچىش ▲ [«ت ت د»] قېچىش، قاچ ـ قاچ (خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ئۈركۈش)

قاچىغ I △ [«تۇر»] سېزىم ئورگانلىرى

قاچىغ II △ [«ق س»] ① قاچقۇن؛ ② ساراڭ

قاچىغ Ⅱ △ [«ق س»] ئارىلىق، يول

قاچىنماق △ [«ت ت د»] قىيچىۋاتقاندەك كۆرۈنمەك

قاد Ⅰ [«ت ت د»] بوران - چاپقۇن

قاد Ⅱ [«ت تسب»] قوشماق، قېتىلماق، قوشۇلماق

قادا [«ت تسب»] قېتىم

قادار [«ماي»] ۋەھشىي، يىرتقۇچ

قادار قاشلاغ [«ماي»] دەھشەتلىك، سۈرلۈك، ۋەھشىي، ياۋۇز

قاداس «قاداش» قا قاراڭ

قاداش [«ماي»، «تۇن»، «ت ت د»] قېرىنداش، [«ئۇت»، «ئال»] دوست؛ ئۇرۇق - تۇغقان

قاداشلىق △ [«ت ت د»] قاياشلىق

قاداغ Ⅰ قۇسۇر؛ گۇناھ

قاداغ Ⅱ ① تەكىسىزلىك؛ ② «قاتىغ»قا قاراڭ

قاداق «قاداغ»قا قاراڭ

قادراق [«ت ت د»] تاغ تىزمىلىرى، تاغ ئۆركەشلىرى

قادغۇ [«ئال»، «تۇر»] قايغۇ، دەرد، ھەسرەت

قادغۇر - [«ت ت د»] قايغۇرماق، بىئارام بولماق، كۆڭۈلسىزلەنمەك، [«قوج»] قايغۇلانماق، قايغۇلۇق بولماق

قادغۇرماق [«قوج»] «قادغۇر» غا قاراڭ

قادغۇلۇغ [«ئال»، «تۇر»] قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك

قادغۇلۇق [«ئال»] «قادغۇلۇغ» قا قاراڭ

قادماق «قاتماق» قا قاراڭ

قادۇرماق [«ئال»] پۇشايمان قىلماق

قادۇن [«ت ھ»] خوتۇن، ئايال كىشى، «قاتۇن» غا قاراڭ

قادىتماق △ ئارىلاشتۇرماق، بىرىكتۈرمەك، ئايلاندۇرغۇزماق

قادىر I △ [«ت ت د»] ① قىيىن، جاپالىق، مۈشكۈل، قاتتىق؛ ② قادىر قىش — قارا قىش، قەھرىتان قىش؛ ③قەيسەر، كەسكىن؛ [«تۇر»]چىلك، مۇستەھكەم

قادىر II △ [«تۇر»] ياۋۇز، ۋەھشىي، يىرتقۇچ

قادىر III △ [«ت ت د»] قايتۇرماق؛ ئايلاندۇرماق؛ ئېگىلدۈرمەك، «قادىرماق» قا قاراڭ

قادىرقان △ بىر تاغنىڭ ئىسمى

قادىرماق △ پۈكمەك، ئەگمەك

قادىز △ [«ت تىب»] دارچىن (قوۋزاقدارچىن)

قادىس △ [«تۇر»] «قادىز» غا قاراڭ

قادشتۇر - △ [«ت تىب»] بىللە بولماق؛ بىرلەشتۈرمەك

قادىغ △ «قاتىغ»قا قاراڭ

قادىك △ [«ت تىب»] قاچا، چىنە

قادىن I △ بىر دۆلەتنىڭ ئىسمى

قادىن II △ قېيىن ئاتا

قادىنماق △ [«ئال»] ئەپسۇسلانماق، پۇشايمان قىلماق

قادىنى [«ئىك»] ① «قادىن II» گە قاراڭ؛ ② خوتۇ-نىنىڭ ئۆيى (قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيى)

قار قار

قار [«تۇر»] مۇرە

قارا I خاس ئىسىم

قارا I [«تۇر»] ① قارا؛ ② پۇقرا، خەلق؛ مىللەت؛ ③ يىلقى قارا — پادا، چارۋا تۇيى

قارا II ئۆي هايۋىنى

قارا باش [«ئۇت»] دېهقان؛ قۇل؛ كېنىزەك

قارا باغشى △ [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قارا باقشى △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قارا - بۇغا [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قارا بۇقا [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قارا تەگىن خاس ئىسىم

قارا تەمۇر خاس ئىسىم

قارا تەمىر [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قارا توغما خاس ئىسىم

قارا تويىن △ خاس ئىسىم

قاراچى △ [«ت ت د»] ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرىدىغان تىلەمچى، قەلەندەر

قارارماق [«تۇر»، «ت ت د»] قارايماق: تۈن قاراردى — تۈن قارايدى

قارارىغ △ [«قۇج»، «ش ت»] قاراڭغۇلۇق

قارارىق △ «قارارىغ» قا قاراڭ

قارازا - تون راهىبلار كىيىمى

قارا سوڭسۇي خاس ئىسىم

قاراغ كۆز قارىچۇقى

قاراغۇ I [«ت ت د»] قارىغۇ

قاراغۇ II سىياھ؛ [«ت ت د»] زاك (بىر خىل قارا بوياق)

قاراغۇ II [«تۇن»] قاراۋۇل

قاراق [«چاس»] «قاراغ» قا قاراڭ

قاراقاچ ئۇغاچ△ [«ت تسب»] قارىياغاچ

قاراقان [«ت ت د»] تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ

قاراقلاماق [«ت ت د»] بۇلىماق، تالىماق

قاراقلىق [«ئال»] كۆچ - قۇۋۋەت

قارا قۇش I بىر خىل قۇش

قارا قۇش II [«ق ب»] مۇشتىرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزى

قارا قۇكاز خاس ئىسىم

قارا قۇلاق ئېتىز چاشقىنى

قاراڭغۇ «قارانقۇ» غا قاراڭ

قاراڭقۇ قاراڭغۇلۇق

قارام [«ئىك»] خەندەك؛ ئېرىق

قاراماق [«ئۇت»] قارىماق

قاراموق [«ت ت د»] قارىموق

قاربا بىر خىل دورا ئۆسۈملىكى

قارت I [«ئو»] ياشانغان، قېرى ئادەم

قارت II [«ئال»، «تـۇر»، «ت تـسـب»، «ت ت د»] يـارا، جاراھەت

قارتا ـ [«ت ت د»] يىرتماق؛ يىرتىلماق

قارتالماق [«ت ت د»] ئېغىز ئالماق: ئانىڭ قارتى قارتال- دى — ئۇنىڭ يارىسى ئېغىز ئالدى

قارتانماق [«ت ت د»] ئېغىز ئالدۇرماق، داۋالىماق

قارت بەڭ يارا، جاراھەت

قارتغا [«ئىر»، «ت ت د»] ياشانغان ئادەم

قارخ مۇنار

قاردۇ [«ت ت د»] قارا سوغۇق كۆللىرى ئىقىن سۇ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان ئۇششاق مۇز دانچىلىرى

قارس [«ت ت د»] ① يۇڭ چەكمەن چاپان، تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىيىم؛ ② بىر خىل رەخت

قارساق [«ت ت د»] تۈلكە تۈرىگە كىرىدىغان بىر خىل ھايۋان

قارشۇ «قارشى» غا قاراڭ

قارشى I △ [«ماي»، «ت ت د»، «تۈر»، «ئال»] ساراي، ئوردا، خان ئوردىسى

قارشى II △ [«تۈر»، «ت ت د»] ئەكسى، زىت، قارشى تەرەپ

قارشى III △ [«ت ت د»] تاقابىل تۇرماق، سوقۇشماق، جەڭ قىلماق

قارشىسىز △ [«تۈر»] جەڭسىز، ئۇرۇشسىز

قارغا قاغا

قارغاق [«ت ت د»] قارغىش، لەنەت

قارغاماق [«قۇج»] قارغىماق

قارغۇ [«ت ت د»] قاراۋۇل تۇرا

قارغىچۇغۇن △ بىر تۈرلۈك دورا

قارغىلاچ △ [«ت ت د»] قارلىغاچ

قارقاغ [«ت ت د»] قېقىر (قاقشاس يەر)، ئوت - سۈيى يوق يەر؛ چۆل

قارقانادۇس ياندۇرىدىغان، قۇسىدىغان كېسەل

قارقاندۇس «قارقانادۇس» قا قاراڭ

قارلا - [«ت ت د»] قار ياغماق

قارما [«ت ت د»] بۇلاڭ - تالاڭ؛ بۇلاش

قارماق قارشىلاشماق، قارشى تۇرماق

قارماقسىز △ قوشۇلمىغان، قېتىلمىغان

قارۋاشماق [«ت ت د»] مالىتىلاشماق؛ ئىزدەشتۈرمەك، قاراشتۇرماق

قارۋانماق [«ت ت د»] ئاختۇرماق، ئىزدەنمەك

قارى I △ [«ت ت د»] قېرى، ياشانغان؛ [«تۇر»] ھۆرمەتلىك، مۆھتەرەم

قارى II △ [«ت ت د»] گەز (بوز ئۆلچەيدىغان گەز)

قارىپ △ [«ئۇت»] غەيرىي، ئاجايىپ

قارىت △ [<تۇر. «ت ت د»] ئوغرىلاش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش

قارىچ △ ئۆلچەم

قارىزان △ [«ت ت د»] قېرىسال (قېرىپ كۈچتىن قالغان كىشى)

قارىش I △ [«ت ت د»] غېرىچ

قارىش II △ ① يىپ (توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان، تەييارلانغان يىپ)؛ ② ئارتقۇ، ياغلىق

قارىش III △ [«ت ت د»] ئېرە

قارىش IV △ [«ت ت د»] قارشىلاشماق

قارىشلاماق △ [«ت ت د»] غېرىچلىماق

قارىشماق I △ [«ت ت د»] ① قېرىشماق، قارشلاشماق؛ ② قارشى ئالماق

قارىشماق II △ [«تۇر»] ① مەغلۇپ بولماق؛ ② ئارىلاشتۇرماق

قارىغ △ [«تۇر»] ياشانغان، قېرىغان، قېرى

قارىلا - △ [«ت ت د»] ئۆلچىمەك

قارىلماق △ [«ت ت د»] قېتىلماق، قوشۇلماق، ئارىلاشماق؛ [«ئال»] ئارىلاشتۇرۇلماق

قارىم △ [«ماي»] خەندەك، [«تۇر»، «كۆل»] سۇخەندىكى؛ مۇستەھكەم يەر

قارىماق △ قېرىماق، ياشانماق

قارىماقلاغ △ قېرىماقلىق، ياشانماقلىق

قارىمتۇ △ [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قارىن △ [«تۇر»، «ت ت د»] قېرىدىن، قورساق

قارىنچا △ [<ئوغ. [«ت ت د»] چۈمۈلە

قارىنچاق △ [<ئوغ. «ت ت د»] «قارىنچا» غا قاراڭ

قارىنچلىغ △ ھاقارەت قىلماق

قارىنداش △ قېرىنداش

قارىنلىغ △ قېرىنلىق، قورساقلىق

قاز I [«ئال»، «تۇر»، «ت ت د»] غاز

قاز II [«ت ت د»] ھەرقانداق دەرەخنىڭ قوۋزىقى، پوستى

قاز III [«ت ت د»] قاتتىق شىۋىرغان

قازا [«ئەت»] تەقدىر

قازاش [«ت ت د»] قاياش، يېقىن تۇغقان

قازاڭقۇ [«ت ت د»] چىڭگىش: يېپ قازاڭقۇ بولدى — يىپ چىڭگىشلەشتى

قازتۇرماق [«ت ت د»] قازدۇرماق، كولاتماق

قازرىلماق △ [«ت ت د»] قايرىلماق

قازغان - I [«ماي»]تىرىشماق؛ قازانماق، «قازغانماق»قا قاراڭ

قازغان - II [«تۇن»، «كۇل»] قورماق

قازغان III [«ت ت د»] ئويمانلىق؛ ئويمان؛ سازلىق، پاتقاقلىق

قازغانچ I [«ت ت د»] تاپاۋەت

قازغانچ II [«تۇر»] تىرىشماق

قازغانماق [«تۇر»] تىرىشماق؛ تويلىماق؛ بىردىكتۇرمەك

قازغۇ [«ت ت د»] قايغۇ

قازغۇرماق [«ت ت د»] قايغۇرماق

قازغۇق [«تۇر»] قوزۇق

قازكۇق [«تۇر»] «قازغۇق» قا قاراڭ

قازكۇق [«ت ت د»] «قازغۇق» قا قاراڭ

قازلا - [«ت ت د»] غازدەك، تۇرنىدەك بولماق

قازۇق قوزۇق

قازى △ [«ت ت د»] قىزا

قازىتماق △ [«ت ت د»] قايىتماق، يانماق

قازىرغاق △ [«ت ت د»] قاپىرىق (كۆپ ئىشلەش جەريانىدا قولدا پەيدا بولغان قاپىرىق)

قازىرماق △ [«ت ت د»] قايىرىماق، رەت قىلماق: ئانىڭ بويىنىن قازىردى — ئۇنىڭ بويىنىنى قايىردى؛ ئانىڭ سۆزىن قازىردى — ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى

قازىز △ [«ت ت د»] قوۋزاق، دەرەخ پوستى

قازىش △ [«ت ت د»] قېيىش (هايۋان تېرىسىدىن تىلىنغان تاسما)

قازىق △ [<ئار. «ت ت د»] قېيىق

قازىڭ △ [«ت ت د»] قېيىن دەرىخى

قازىنماق △ [«ت ت د»] قېزىۋالماق: ئول ئۆزىگە قۇزۇغ قازىندى — ئۇ ئۆزىگە قۇدۇق قېزىۋالدى

قاس I [«ت ت د»] قاتتىق، چىڭ

قاس II [«تۇر»] «قاش II» گە قاراڭ

قاس III قوۋزاق، پوست، تېرە

قاسانىغ △ سۈيدۈك

قاسىمىق △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قاسنا - [«ت ت د»] تىترىمەك

قاسۇق I [«ت ت د»] ① تورسۇق (ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم)؛ ② قاسىراق، دەرەخ پوستى

قاسۇق II مىخ

قاسۇق III [«ت ه»] خاس ئىسىم

قاسۇي كارۋان تىجارەتچى

قاسى △ [«ت ت د»] قوتان (مال - چارۋىلارنى سولاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توسۇق)

قاسىرقۇ △ [«ت ت د»] قۇيۇن

قاسىغ I △ [«ت ت د»] قوۋۇز (قاسىراق)

قاسىغ II △ قىسىلچاق، يېرىق

قاسىق I △ [«ت تىب»] ① قورساق؛ ② دوۋسۇن

قاسىق II △ قوۋزاق، پوست؛ تېرە

قاسىنچىغ △ [«تۇر»] قىرقۇنچلۇق

قاش I [«ت ت د»] قاش (كۆز ئۈستىدىكى قاش)

قاش II [«ت ت د»] قاشتېشى

قاش III [«ت ت د»] قىرغاق

قاش IV [«ئۇت»] تۆپە، چوققا

قاش V [«تۇر»] مەڭگۈ تاش، ئاتالغان تاش

قاشاق I [«ت ت د»] بىر خىل قومۇش

قاشاق II سازلىق

قاشان - [«ت تىب»] سىيمەك، كىچىك تەرەت قىلماق

قاشانماق «قاشان» غا قاراڭ

قاشانىغ △ «قاسانىغ» قا قاراڭ

قاشغا [«ت ت د»] قاشغا ئات — قاشقا، قاشقىسى بار ئات

قاشغالاق [«ت د»، «ت تىب»] ① قاشقالداق (ئۆردەكتىن كىچىكرەك سۇ قۇشى)؛ ② قارلىغاچ

قاش قاۋىش △ [«ماي»] قاش تۈرمەك

قاشۇ [«قۇج»] قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى

قاشۇق [«ت تىب»، «ئۇ تىب»، «ت ت د»] قىشۇق

قاشى - △ [«ت ت د»] تاتلىماق؛ تۇتماق

قاغاتىر △ [«ئو»] قىپچىر

قاغاداش ئۇرۇق - تۇغقان

قاغار [«ئو»] قار

قاغال [«ت ه»، «تۇر»] قامچا، «قاغىل» غا قاراڭ

قاغان [«تۇر»] خاقان، خان

قاغانلا - [«كۈل»] خاقان بولماق؛ خاقان قىلماق، خاقان تىكلىمەك

قاغدا «قەگدە» گە قاراڭ

قاغرۇل - [«ت ت د»] پىشۇرماق؛ قاقلىماق، قىزارتماق

قاغۇت [«ت ت د»] تېرىقتىن قىلىنغان بىر خىل تاماق

قاغۇرماق قورۇماق، قىزارتماق

قاغۇشماق كۆرۈشمەك؛ يەتمەك

قاغۇق [«ت تىب»] دوۋساق، دوۋسۇن

قاغۇن [«تۇر»، «ت تىب»، «ت ت د»] قوغۇن

قاغىز △ [«ئو»] باتۇر، قەيسەر

قاغىل △ [«ت ت د»] ئۇزۇم نوتىلىرىنى باغلايدىغان تال چىۋىق؛ [«تۇر»] قامچا

قاغىنماق △ «قاقىنماق» قا قاراڭ

قافتان [«ت ت د»] تون

قاق I [«ت ه»] باھا، نەرخ

قاق II [«ق ب»] بىر خىل قۇشنىڭ نامى؛ غازنىڭ بىر خىلى

قاقلانماق [«ت ت د»] ① قاق قىلىنماق، قورۇتۇلماق؛ ② يىغىلماق، توپلانماق

قاقۇرغان [«ت ت د»] قاتلىما

قاقىز △ [«ئو»] «قاقىز» غا قاراڭ

قاقشىماق △ [«ت ت د»] ① ئاچچىقلانماق؛ ② ئۇرۇشماق؛ ③ (چەتكە) قېقىشماق

قاقىغ △ [«ت ت د»] ئاچچىق، غەزەپ؛ قېرىشىش

قاك I [«ئال»، «كۇل»] ئاتا، دادا

قاك II «گاك» غا قاراڭ

قاڭداش [«ت ت د»] ① قانداش؛ ② ئاتىدەك، ئاتىسىدەك

قاڭرۇق [«ت ت د»] دىماغ

قاڭسىق △ [«ت ت د»] ئۆگەي: قاڭسىق ئاتا — ئۆگەي ئاتا؛ قاڭسىق ئوغۇل — ئۆگەي ئوغۇل

قاڭلى △ [«ت ت د»] هارۋا، كۆتەك هارۋا، ئۇستىگە ئېغىر يۈك بېسىلىدىغان هارۋا

قاڭلىچى △ [«تۇر»] هارۋىكەش

قال [«ت تب»] ساراڭ، غالجىر، ئالجىغان

قالاتماق [«ت ت د»] قاپلاتماق: ئول تونۇغ قالاتتى — ئۇ توننى قاپلاتتى

قالبۇز [«ت ت د»] قوۋۇز، يۇتۇم

قالتۇق [«ت ت د»] ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزى

قالتى I △ [«ماي»] خۇددى، گويا

قالتى II △ [«ئىك»، «تون»] ... ۋاقتىدا ... چاغدا؛ — دا، — تا

قالدۇرغا [«ت ت د»] تاراقلايدىغان، شالدىرلايدىغان

قالڭۇ [ت ت د»] لەيلەش، سۇ يۈزىدە لەيلەش

قالڭۇق [«ت ت د»] باشتىكى كېپەك

قالۋا باشاق بېكىتىلمىگەن ئوق

قالى △ [«ت ت د»] «قانداق، ئەگەر، ناۋادا، ئۇنداقتا» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: بۇ سەن بۇ ئىشنى قالى قىلدىڭ ــ سەن بۇ ئىشنى قانداق قىلدىڭ؟ سەن قالى بارسا ــ ناۋادا سەن بارىدىغان بولساڭ

قالسىز △ [«ماي»] تولۇق، بارلىق

قالىغ △ [«ماي»] «قالىق» قا قاراڭ

قالىق △ [«ماي»،«ئو»،«ت ت د»] ① ھاۋا بوشلۇقى؛② راۋاق

قالىما △ [«ت ت د»] بالىخانا

قالىن I △ [«سۇ»] سوۋغا، تويلۇق

قالىن II △ [«ت ھ»] توم، قېلىن؛ [«ت ت د»] نۇرغۇن

قالىنسىز △ سوۋغىسىز، تويلۇقسىز

قامـاش ـ [«كۆل»] قالايمىقانلاشماق؛ كۆچى قالماسلىق، دەرمانسىز كەتمەك

قاماشاغ [«كۆل»] كۈچسىزلىك، ھالسىزلىق

قاماشىغ △ قالايمىقانچىلىق

قاماغ [«ماي»] ھەممە، بارلىق؛ [«ئو»] پۈتۈنلەي، تولۇق

قاماغۇ [«ش ت»] پۈتۈنلەي

قاماغۇن [«ش ت»] «قاماغۇ» غا قاراڭ

قامبۇغدۇ تۇتۇك [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قامتۇرماق [«ت ت د»] ھوشىدىن كەتكۈزمەك، تېلىقتۇرماق

قامچىغۇ △ [«ت ت د»] قاپارتقۇ

قامراقتى △ خاس ئىسىم

قامشات ـ I [«ماي»] ① ھەرىكەتلەندۈرمەك؛ ② سىلكىنمەك

قامشات ـ II قالايمىقان قىلماق

قامشاماق [«تۇر»، «قوچ»] ھەرىكەتكە كەلمەك؛ تەۋرىمەك، تىترىمەك

قامشايۇ [«ماي»] قوزغىلىپ، تىترەپ سىلكىنمەك

قاەغاغ [«قوچ»] «قاماغ» قا قاراڭ

قامغاق I [«ت ت د»] قامغاق

قامغاق II [«تۇر»] سامساق

قامغۇن [«قوچ»] «قاماغۇن» غا قاراڭ

قامغى △ [«ت ت د»] قىڭغىر ـ قىيسىق

قامقى △ [«ئۇت»] پاختا رەخت ئۆلچىمى

قاملا ـ [«ئر»] ① سىھىرگەرلىك قىلماق؛ ② قىلمىش، قىلمىشى

قاماق I [«ت ت د»] دۇمبالىماق، ئۇرماق، ساۋىماق

قاماق II ئاتماق، تاشلاتماق

قامۇش «قامش» قا قاراڭ

قامۇغ [«ت ت د»، «ق ب»] ھەممە، بارلىق، پۈتۈن، بارچە، ھەممىسى، تامامەن، پۈتۈنلەي؛ «قاماغ» قا قاراڭ

قامۇغى △ [«كۆل»] جەمئىي؛ قوشقاندا

قامۇق [«ت ت د»] ئات تېزىكى

قامۇلماق [«ت ت د»] يانپاشلىماق: ئەر قامۇلدى — ئادەم يانپاشلىدى

قامتىماق △ ئەگمەك، قىيسايتماق

قامچ I △ [«ت ت د»] چۆمۈچ، ساپلىق

قامىچ II △ ببلىق ياكى كىپىنەك تۇتىدىغان تور
قامىچاق △ [«ت ت د»] قۇمچاق
قامىش △ [«ت تىب»، «ت ت د»] قومۇش
قامىشلىغ △ [«ئال»] قومۇشلۇق
قامىغ △ «قاماغ» قا قاراڭ
قامىغۇ △ «قاماغۇ» غا قاراڭ
قامىغۇن △ [«تۇر»] ھەممە
قامىل △ [«ئىك»، «ئەت»] ئايلىنىپ كەتمەك، ھېرىشىنى-
لانماق، ئېسىدىن كەتمەك، يىقىلىپ چۈشمەك؛
ئېگىلىپ قالماق
قامىلماق △ [«ئال»] ئاغدۇرۇلماق، ئۆرۈلمەك؛ ئېتىلماق،
تاشلانماق، «قامىل» غا قاراڭ
قان I [«تۇر»] خان، ھۆكۈمدار، شاھزادە
قان II (تومۇردىكى) قان
قان III [«ئۇت»] خاس ئىسىم
قانارماق [«تۇر»] قان ئالماق
قاناغ [«تۇر»] قانىماق
قاناغۇ [«ت ت د»] نەشتەر (قانئالغۇ)
قاناق [«ت ت د»] قايماق
قاناماق [«تۇر»] قان ئالماق: قانىماق
قاناملاغ تويماق: قاناملاغ — يارىلىنىڭ [«ماي»] كۆڭلى-
كۆكسى توق؛ «قانامىلغ» قا قاراڭ
قانتا [«تون»] قانداق، [«تۇر»] قەيەردە
قان تويىن △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قانتۇرماق [«كۆل»، «تۇر»] قاندۇرماق، رازى قىلماق

قانتۇرمىش △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قانچ [«ئۇت»] قانچىلىك

قانچا [«چاس»] قەيەر، قەيەردە

قانچاناسارى خاس ئىسىم

قانچاناقوشى خاس ئىسىم

قانچانپربى خاس ئىسىم

قانچۇق [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قاندا [«ئال»، «تۇر»، «ت ت د»] نەدە، قەيەردە

قانداس قېرىنداش، ئۇرۇقداش، تۇغقان

قاندىر △ [«ت ت د»] سېرىق ئەت

قانغا [«ئو»] هارۋا، كۆتەك هارۋا

قانقا «قانغا» غا قاراڭ

قانلى △ [«ئال»] قانلىق

قانلىق △ [«ئۇت»] خانلىق

قانماق [«تۇر»، «ئىك»] قانماق، قاندۇرۇلماق؛ ئىشەندۈرۈلمەك

قان ـ ئوغلۇ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قانۇ [«ئار. «ت ت د»] قايسى: قانۇ كىشى ـــ قايسى كىشى

قان ئۆدكەك [«ت تىب»] قان كېتىش

قان ئۆدلەك قان توختىماسلىق

قان ئېلچە [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قانى △ [«ت ت د»] قېنى: ئوغلۇم قانى ـــ ئوغلۇم قېنى

قانشكى [«سان»] هندى سۇلالىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى

قانىغ △ [«ت ت د»] تەشنالىق، ئارزۇ - ئارمان، [«ت تب»] تەلەپ، ئۈمىد

قانمۇدۇ △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قانىنچىسىز △ [«ماي»] قانغۇسىز، [«تۇر»] قانمايدىغان، تويمايدىغان

قانيا [<سان. «تۇر»] بىر يۇلتۇزنىڭ ئىسمى

قانيۇ [«ئۇت»، «قۇج»] قايىسى، كىم، «قايۇ» غا قاراڭ

قائۇلا سەۋزە

قاۋ I [«ت ت د»] چاقماق چېقىپ ئوت تۇتاشتۇرۇلىدىغان پىلىك

قاۋ II [«ت ه»] ئۆلچەم بىرلىكى

قاۋاغۇ پاختا يىپ

قاۋالىغ △ [«ئۇت»] زىرائەت ئىسمى

قاۋرىشماق △ [«تۇر»] سوقۇشماق

قاۋرىغ I △ [«تۇر»] ① ئاغرىق؛ ② نۆۋەت

قاۋرىغ II △ تۇتۇپ تۇرۇش

قاۋرىغسىز △ مۇستەقىل؛ ھۆناسىۋەتسىز

قاۋرىل - △ [«ماي»] قورۇلماق، مۈكچەيمەك

قاۋرىلماق △ [«ماي»] «قاۋرىل» غا قاراڭ

قاۋزادىلماق △ تاياندۇرماق؛ سىقتۇرۇشماق؛ ئىزىلدۇرمەك

قاۋسات - مۇھاسىرە قىلماق، قورشىماق

قاۋسى △ ئىبادەتخانا نامى

قاۋسىدۇ △ [«ت ه»] خاس ئىسىم

قاۋشاتماق [«تۇر»] سىقىشماق؛ ئۆرۈمەك؛ ئايلانماق

قاۋشاتىلماق △ [«ئۇت»] تەۋرەنمەك، مىدىرلىماق؛ ھاياجانلانماق

قاۋشادىلماق △ بىرلەشمەك؛ كۆرۈشتۈرمەك

قاۋشاماق ئارىلاشماق، ئاپاق - چاپاق بولماق

قاۋشۇر - [«ماي»] (قول) قوشتۇرماق، [«كۆل»، «ش ت»، «ت تىب»] جۈپلىمەك، بىرلەشتۈرمەك، كۆرۈشتۈرمەك

قاۋشۇرماق «قاۋشۇر» غا قاراڭ

قاۋشى △ [«ت ت د»] قوشۇما

قاۋۇت [«تۇر»] سائادەت، غۇرۇر

قاۋۇرماق [«ت ت د»] قورۇماق، قىسماق، «قاۋىرماق» قا قاراڭ

قاۋۇق I [«ت ت د»] دوۋسۇن، دوۋساق؛ قوۋۇق

قاۋۇق II [«ت ت د»] كىپەك، تېرىق كېپىكى

قاۋۇق III [«تۇر»] قاپارتما، ھۆررەك

قاۋى △ [«ئەت»] قاۋۇل، كۆچلۈك

قاۋىت △ قوغلانماق

قاۋىتماق △ سوقۇلماق، «قاۋىت» قا قاراڭ

قاۋىر - △ [«ت تىب»] قورۇماق، قاقلىماق، قىزارتماق

قاۋىرا △ قىسقا، كالتە

قاۋىرماق △ ① باسماق، ئەزمەك؛ ② «قاۋىر» غا قاراڭ

قاۋىش - △ [«ماي»] ئۇچراشماق، يىغىلماق، «قابىش» قا قاراڭ

قاۋىشماق △ [«ئال»] بىرلەشمەك، كۆرۈشمەك، «قاۋىش» قا قاراڭ

قاۋىشتۇرماق △ كۆرۈشتۈرمەك، ئۇچراشتۇرماق

قاۋىق △ [«ت ت د» ① تۈۋرۈك؛ ② قوناق ياكى تېرىق كېپىكى

قائىي «قاي» غا قاراڭ

قاي I [«ماي»] يول، كوچا

قاي II [«ت تىب»، «ت ھ»] «قايىۋ» غا قاراڭ

قاي III [«ت ت د»] ئېگىلمەك، قايماق، قىيسايماق

قاي IV [«ماي»] (پۇتقا كىيىدىغان) ئاياغ

قايا I [«ت ت د»] قىيا، تاش، تاغ جىنسى

[«تۇر»] سۇ ئاستىدىكى خادا تاش

قايا II [«ئۇت»] كەينى

قايا III [«ت ھ»] خاس ئىسىم

قاياچۇق [«ت ت د»] تاغدا ئۇۋىسىدىغان بىر خىل قۇش پۇراقلىق ئۇسۇملۇك

قاياق I [«ت ت د»] قايماق

قاياق II [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قايەت [«ئۇت»] غايەت، ناھايىتى

قاي بەلتىر [«ماي»] كوچا، يوللار؛ تۆت كوچا ئېغىزى، دوقمۇش

قايتارت [«ت ت د»] قويۇۋەتمەك، چىقىرىۋەتمەك

قايتا سۇ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قايدا [«ت ت د»] قەيەردە، نەدە

قايسادۇ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قايساقىق △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

**قايسدۇ** △ خاس ئىسىم

**قايغۇ** «قادغۇ» غا قاراڭ

**قايغۇق** [«ت ت د»] «قايغىق» قا قاراڭ

**قايغىق** △ [«ت ت د»، «ت تىب»] قىبىيسىق، قولىۋاق، كىچىك كېمە

**قايماق** مايىل بولماق، قىيسايماق، قىيىپ كەتمەك

**قايۇ** [«ماي»، «ت ت د»] قايسى؛ بەزى؛ [«تۇر»] كىم؛ [«ت ھ»، «ت تىب»] قەيەردە؛ ھەرقاندىقى

**قايۇ ئۆدۇن** [«ماي»] قايسى ۋاقىت، قاچان

**قايىر** △ [«ت ت د»] يوپاڭ يەر

**قايىش** - △ [«ت ت د»] ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلماق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلماق

**قايىمتۇ** △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

**قايىناماق** △ قاينىماق

**قايىنتۇ** △ [«ت ھ»] خاس ئىسىم

**قايىنتۇر** - △ [«ت تىب»] قايناتماق

**قەيسەر** [«ق ب»] رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى

**قەيسەرى** [«ق ب»] بىر خىل قۇشىنىڭ نامى

**قىرارماق** «قارارماق» قا قاراڭ

**قىرارىغ** △ [«تۇر»] قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت

**قىرماپىت** [<سان] ئامال، چارە

**قىرماپۇت** [«تۇر»] «قىرماپىت» قا قاراڭ

**قىرمىشۇخىن** [«تۇر»] بىغىشلىما

**قىرۇچ** «قۇرۇچ» كە قاراڭ

قسانتى [«تۇر»، «ئۇت»] «قشانتى» غا قاراڭ

قسۇدرا كىچىك، ئۇششاق

قشاتىرىك [<سان] قەدىمكى ھىندىستاندىكى بىر تەبىقە

قشانتى [«تۇر»] ئەپسۇسلانماق، پۇشايمان قىلماق، نادامەت چەكمەك

قشى «كىشى» گە قاراڭ

قلتى △ ... چاغدا، «قالتى» غا قاراڭ

قوبچىر △ باج - سېلىقنىڭ بىر خىلى

قوبراتماق توپلىماق

قوبۇرغا [«ئىك»، «تۇر»] بايقۇش، [«ت ت د»] ھۇقۇش

قوبۇز [«تۇر»] بىر خىل چالغۇ

قوبى I △ [«ئۇت»] مىراس

قوبى II △ بوش

قوبىق △ كەھرىۋا

قوپ I [«ت ت د»] «خوپ، خوي، خىلى» دېگەندەك تەكىتلەش، ئاشۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز: ئوغۇل قوپ بەدۆدى — ئوغۇل خىلى چوڭ بولدى؛ قوپ ئەزگۈ نەڭ — خوپ ياخشى نەرسە

قوپ II [«ت ت د»] خۇشاللىق

قوپ III [«ماي»] بارلىق، ھەممە؛ جىق، كۆپ، نۇرغۇن

قوپان پۈتۈنلەي

قوپتىن △ ھەر يەردە، ھەر تەرەپتىن

قوپچىر △ «قوبچىر» غا قاراڭ

قوپ قاماق [«ماي»] بارلىق، ھەممىسى

قوپماق [«ت ت د»] قىپپماق، چىقىماق، كۆتۈرۈلمەك: ئەر يوقارۇ قوپدى — ئادەم ئىسۆرە قوپتى؛ تۆپى قوپدى — بوران چىقتى؛ قۇش قوپدى — قۇش كۆتۈرۈلدى

قوپمىش △ [«ماي»] كۆتۈرۈلگەن، قوپقان

قوپۇز «قوبۇز» غا قاراڭ

قوپىن △ [«تۇن»] پۈتۈنلەي، ھەممىسى

قوت [«ش ت»] قالدۇرماق، قۇيماق، «قود» قا قاراڭ

قوتان توغرى △ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قوتدۇرۇپئالماق[«ئال»] قولغا كەلتۈرمەك، ئالماق

قوتسۇ [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قوتقۇلىغ △ [«ت ت د»] كەمتەر، كەمتەرلىك

قوتماق [«قودماق» قا قاراڭ

قوتۇر «قودۇر» غا قاراڭ

قوتۇرماق [«ت ت د»] تۆكمەك، بوشاتماق: ئول ئۇنۇغ قوتۇردى — ئۇ ئۇننى (بىر تاغاردىن باشقا بىر تاغارغا) تۆكتى

قوتۇز [«ت د»، «ق ب»] قوتاز

قونى △ [«قۇج»] «قودى» غا قاراڭ

قوتىقى △ [«تۇر»] ئاستىدىكى، پەستىكى

قوجا [«ئەت»] قېرى؛ قېرىش، ئاجىزلاش

قوچ I [«ت ت د»] «قوچقار I» گە قاراڭ

قوچ II [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قوچا [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قوچقار I [«ئۇت»] قوچقار

قوچقار II [«ئۇت»] خاس ئىسىم

قوچڭار [«ت ت د»] «قوچقار I» گە قاراڭ

قوچماق قۇچاقلىماق؛ يۆگەشمەك

قوچۇ I «قۇچۇ» غا قاراڭ

قوچۇ II [«ئۇت»] ئىشەنچسىز

قوچۇشماق قۇچاقلىماق

قوچۇڭار «قوچقار I» گە قاراڭ

قود [«ماي»، «موي»، «تۇر»] قويماق، قالدۇرماق

قودتۇرماق قويدۇرماق؛ ئۆزلەشتۈرمەك

قودقىلىق △ [«ئە ت»] پەسكەشلىك؛ قارا يۈز

قودماق ① قويماق، قالدۇرماق؛ ② ئايرىماق، چىقارماق

قودۇر [«ت تب»] تەمىرەتكە

قودۇرۇ I [«ماي»] تولا، جىق

قودۇرۇ II [«ئال»] تامامەن، پۈتۈنلەي

قودۇرۇ بىشۇرمىش △ [«ماي»] تاۋلانماق

قودۇرۇ قولۇلا [«ماي»] ياخشى ئويلىماق

قودۇز [«ماي»] «قوتۇز»غا قاراڭ

قودۇشماق [«ت ت د»] قويۇشماق، تاشلاپ قويۇشماق

قودى I △ [«ماي»] تۆۋەن، پەس؛ [«تۇر»] ئاستى؛ [«تۈن»] تۆۋەن تەرەپ؛ ئارقا تەرەپ؛ [«ئەت»]تۆۋەنگە؛ ئارقىغا

قودى II △ [«ماي»] زادى

قودى II △ [«تۇر»] ① ساغلام؛ ② ئاساسلىق؛ ③ بەك

قودىرۇ △ [«ماي»] تېخىمۇ

قودىقارتۇرماق △ چۈشۈرمەك، پەسكە قويدۇرماق

قودىقارماق △ پەسكە قويماق

قودىقى △ «قوتىقى»غا قاراڭ

قور [«ت ت د»] ① زىيان: ئەر قورقىلدى — ئادەم زىيان تارتتى؛ ② كۆنەلگە

قوراغلۇغ [«ت تب»] جۈدىگەن، يېگىلگەن، ئورۇقلىغان، يېپىشكىلگەن، يەڭگىل

قوراغلۇق «قوراغلۇغ» قا قاراڭ

قوراماق [«تۇر»] يوقاتماق، زىيان سالماق، ئازايماق

قوران - [«ت تب»] جۈدىمەك، يېگىلەپ كەتمەك، قورۇلۇپ قالماق، ئورۇقلىماق

قورداي [«ق ب»] بىر خىل قۇشنىڭ نامى

قورداي - قۇغۇ [«ت ت د»] ئاق قۇ، ياۋا غاز

قورسۇز [«ت ھ»] سالاپەت، يۈز - ئابروي

قورق - ئايىن △ [«ماي»] قورقماق، ئەيمەنمەك

قورقلۇق [«ت ت د»] قورققاق، قورقۇنچاق

قورقۇ [«ئال»] قورقۇش

قورقۇ سۇز [«ئۇ ت»] زىيانسىز، زەھەرسىز

قورقۇنچ «قورقىنچ»قا قاراڭ

قورقۇنچسۇز قورقۇنچسىز، قورقۇمسىز

قورقۇنچلۇغ قورقۇنچلۇق

قورقۇنماق [«ت ت د»] قورقماق، ئەنسىرىمەك

قورقىتماق △ [«قوچ»] قورقۇتماق

قورقىنچىسىز △ قورقمايدىغان

قورقىنچلىغ △ قورقۇنچلۇق

قورلۇغ [«ت ھ»] ① خورلۇق، خورلانماق؛ ② شەرمەندە بولماق، رەسۋا بولماق

قورمۇزتا [«چاس»] ئىلاھ ئىسمى

قورۇ [<قىپ. «ت ت د»] ئوغرىتىمكەن، تۆمۈرتىكەن

قورۇش [<سان] تەكلىپ

قورۇغچى △ [«ت ت د»] قورغان ساقلىغۇچى

قورۇغزىن △ [«ت ت د»] قوغۇشۇن

قورۇم I [«ت ت د»] قورام تاش، قىيا تاش

